
1989
XINJIANG CIVILIZATIO



ئۇلۇغ شائىر، مۇتەپەككۇر ئەلشىر ناۋائى (1441 — 1501)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

38 - يىل نەشرى — 1989- يىل 1- سان (ئومۇمىي 176- سان)


## بوستاندا


ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تېخىمۇ زور گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى ........................ مۇھەممەت زۇنۇن 2


## ئەدەبىيات گۈلزارى


ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى .................... (ھېكايە) ........... مۇھەممەت باغراش 16

سەنئەت سۆيگۈسى .................... (شېئىر) ........ مۇھەممەتجان راشىدىن 46


## تارىختىن سۆز


كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى ... نىزامىدىن ھۈسەيىن 47


## دۇنياغا نەزەر


كۆز ئالدىمىزدا ئوتتۇرا ئاسىيا ........................ رەخىم قاسىم 37


## تارىخىي خاتىرىلەر


ئەلشىر ناۋائىنىڭ ۋاپاتى ........................ خاندەمىر 74


## سەھنە ماتېرىياللىرى


ناخشا تېكىستلىرى ........................ مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 70

تۇرسۇن نىياز، تۇرغان شاۋۇدۇن، ئەركىن نىزامى، مېھمانجان روزى، ياسىن مۇخپۇل


## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن


ئەكبەر شاھنىڭ سوئالى .................... (تارىخىي چۆچەك) .................... 68


مۇقاۋىدا: تاھىر - زۆھرە (ماي بوياق) جالالىدىن بەھرام سىزغان. مۇقاۋىنىڭ 4- بېتىدە: چىن مۇھەببەت (سۇ بوياق) نىساخان روزى سىزغان. رەسسام ۋە خەتتات: ئىسمائىل ئىبراھىم


ژۇرنىلىمىزنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:

مۇھەممەت زۇنۇن، مۇھەممەت تاتلىق، ئىبراھىم پەخرىدىن، نىزامىدىن ھۈسەيىن، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، قۇربان مامۇت، ساتتار توختى

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى، باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت — مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى

# ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تېخىمۇ زور گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

## — ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى چاقىرغان مەدەنىيەت خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز (قىسقارتىلمىسى)

مۇھەممەت زۇنۇن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)



يولداشلار: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى چاقىرغان ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت خىزمىتى يىغىنىنىڭ مەركىزىي تېمىسى — گوۋيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ «سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر›نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىكىر لايىھىسىگە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي خىزمەت يىغىنى پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى. بۇ پىكىر لايىھىسىنى بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇپ ئۆزگەرتىپ چىققاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن تارقىتىلىدۇ. مەن، گوۋيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ «سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

## 1. ئىسلاھات — ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى ياخشى بولدى. ئالدى بىلەن سەنئەت ئىجادىيىتى نەتىجىلىك بولدى. ھەر مىللەت سەنئەتكارلىرى ئىجاد قىلغان ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مەملىكەتلىك ھەر خىل مۇسابىقىلەردە ئارقا - ئارقىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتى سەۋىيىسىدە ئومۇمىي جەھەتتە يۈكسىلىش بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بولۇپمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بەزى ئەسەرلەر، مەسىلەن، كىنو «مەمەت ھەققىدە پاراڭ»، ئۇسسۇل «تويە»، «تاشۋاي»، ئۇسسۇللۇق تىياتىر «مائۇگې بىلەن گادۇمېي» ھەم بىر قىسىم ناخشا - مۇزىكىلار ۋە تىياتىرلار بىزگە ئىجادىيەتتىكى خۇشاللىنارلىق تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى، سەنئەتكارلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئېگىسىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن دەۋر روھىنى بىرلەشتۈرۈشتەك يېڭى ئىجادىيەت يولى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى، مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە مۇئەييەن بۆسۈش بولۇۋاتقانلىقىنى نامايەن قىلدى. بۇ — شىنجاڭ مىللىي سەنئىتىدە بىر چەك تۇرغان سوتسىيالىستىك مىللىي سەنئەت بەرپا قىلىش يولىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئىككى يىلدىن بۇيان، مۇقام سەنئەت ئۆمىكى لوندوندا، قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ۋە كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ياپونىيىدە، شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى ياۋروپادا ئويۇن قويۇپ ھەرقايسى ئەللەر تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۆتكەن يىلى كۈزدە، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ دۆلىتىمىزدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەمەلدارلىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلغان مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئالاھىدە ماختاپ، مۇقام سەنئەت ئۆمىكى بىلەن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنى ئۆز دۆلەتلىرىگە بېرىپ ئويۇن قويۇشقا تەكلىپ قىلىدىغانلىقلىرىنى بەس - بەس بىلەن بىلدۈرۈشتى. بۇ — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە قارىتىلغان ئويۇن قويۇش پائالىيىتىنىڭ كۈنسېرى جانلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، ئۈزلۈكسىز تىرىشىدىغان ۋە ئىزدىنىدىغانلا بولساق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مول مەزمۇنلۇق مىللىي سەنئىتى جەزمەن يېپيېڭى قىياپەت بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلەنگۈسى ۋە تونۇلغۇسى.

ئەلۋەتتە، مەن سەنئەت خىزمىتىدىكى ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتىدۇ، دەپ قارىمايمەن. سەنئەت ئىجادىيىتىدىلا ئالساق، سۈپىتى يۇقىرى، تەسىرى بار ئېسىل سەنئەت ئەسەرلىرى تېخى ناھايىتى ئاز. پۈتكۈل سەنئەت خىزمىتىگە كەلسەك، ئۇ، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى ئېھتىياجى بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ پەرق خېلى زور. بىز جاسارەت بىلەن تىرىشىپ بۇ خىل قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئاچقۇچى — ئىسلاھ قىلىشتا.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر تەڭ

مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندى. يىللانلىق تاۋار ئىگىلىكىمۇ ئۇچقاندەك زورايدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر تەبىئىي ھالدا جەمئىيەتتىكى پەلسەپە كۆز قارىشى، قىممەت كۆز قارىشى، ئەخلاق ئۆلچىمى، كۆرۈش ئېڭى، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىق ئىدىئولوگىيىدىكى بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇڭا، بۇنىڭغا ماس كېلىدىغان سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى سەنئەتنى بەرپا قىلىش — بىز جەزمەن ئويلىنىشقا تېگىشلىك يېڭى تېما بولۇپ قالدى. بۇ يېڭى تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىزدىنىشكە تېگىشلىك جەھەتلەر ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەدەبىيات — سەنئەتنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشى، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇناسىۋىتى، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ياخشىلاش، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىقلار. مەن ئاساسلىقى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن:

ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئەدەبىيات — سەنئەتنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى 50 - يىللاردا ئورغۇزۇلغان بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىدە يولغا قويۇلۇۋاتقىنى دۆلەت ھەممىنى بىر تۇتاش ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرىدىغان تۈزۈلمىدىن ئىبارەت. بۇنداق بىرلا خىل مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى، ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا مۇناسىپ رول ئوينىغانىدى. ئەمما، ئارىدىن ئوتتۇز نەچچە يىل ئۆتۈپ، دۆلىتىمىز غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمىسى ئاۋۋالقى كونا پېتى تۇرۇۋەرگەچكە، ئۇنىڭ بۈگۈنكى يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە ماسلىشالماسلىقتىن ئىبارەت ئىللەتلىرى ئەندى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىرىنچىدىن، ھەممىنى بىر تۇتاش ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرغاندا، سەنئەت ئۆمەكلىرىدە كەسىپ ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجايىنلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، ھەممىنى يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشىغا توغرا كېلىدۇ، راسخوتنى دۆلەت پىلانغا ئاساسەن ئايرىپ بېرىدۇ، سەنئەت ئۆمەكلىرى ھېچقانداق خىيىم - خەتەرنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ياخشى - بولماسلىقى ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاكتىپچانلىقى كۈنسايىن ئاجىزلىشىپ، «كۈتۈپ تۇرۇش، يۆلىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىش» ئىدىيىسى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. ئىككىنچىدىن، تەقسىمات تۈزۈمى جەھەتتىكى ئېغىر تەڭ تەقسىماتچىلىق — تۆھپىسى بار سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، ياخشىلار ئوزۇپ چىقىپ، ناچارلىرى شاللىۋېتىلىدىغان رىقابەتنىڭ بولۇشىغا توسالغۇ بولدى. ئۈچىنچىدىن، كادىرلار تۈزۈمى جەھەتتىكى ئارتىسلارنىڭ باقىۋاندىلىق تۈزۈمى سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كىرىش - چىقىش يولىنى توسۇپ قويدى. تۇراقلىق شتات ۋە خىلمۇ خىل تۈزۈملەرنىڭ چەكلىمىسى ئاستىدا، قابىل كىشىلەرنىڭ بىرلىشىشىگە ئامال بولمىدى. شاللىۋېتىشكە تېگىشلىكلەر چىقىرىۋېتىلمەي، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلەر كىرەلمەي، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، سەنئەت قوشۇنىدىكى خادىملار تەدرىجىي قېرىپ، سۈپەت كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى. ئارتۇق خادىملار بارغانسېرى كۆپىيىپ، دۆلەت بەرگەن راسخوتنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئادەم بېقىشقىلا سەرپ قىلىنىپ كەتتى. بۇنداق پايدىسىز

ئەھۋال ئاستىدا، ئىشلىرىمىزنىڭ راۋاجلىنالماسلىقى مۇقەررەر. ئۈچىنچىدىن، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق ئەمەس. ناھىيە، شەھەرلەر مەركەزلەشكەن رايونلاردا ۋە بەزى شەھەرلەردە سەنئەت ئۆمەكلىرى تەكرار قۇرۇلۇپ كەتكەن؛ يەنە بەزى رايونلار ياكى ناھىيىلەردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ سەنئەت كۈچى ئاجىز، شۇ جايدا تاماشىبىنلىرى ئاز، شۇڭا ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ئىنتايىن ناچار، يەرلىك مالىيە ئۇلارنى راسخوت بىلەن قامداشقا ئامالسىز بولغاچقا، ھازىر پۇت دەسسەپ تۇرالىشى قىيىن بولماقتا. بەشىنچىدىن، ھەممىنى بىر تۇتاش ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش — مەدەنىيەتكە مەسئۇل ھەر دەرىجىلىك تارماقلارنى تولۇق كونكرېت ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بەنت قىلىپ قويغاچقا، ئۇلار مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئومۇمىي ستراتېگىيە جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىشقا يېتىشەلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت تارمىقى بولۇشتەك بۇرچىنى ئوبدان ئادا قىلالمايدىغان قىلىپ قويدى.

پاكىتلار تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى بوغۇپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەپ قويدى. بۇ — ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى چىڭ تۇتماسلىقمۇ مۇھىم بىر سەۋەب، ئەلۋەتتە.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئىگىلەپ، ھەرقايسى جەھەتلەردە ساقلانغان تولۇق مەسىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، بىر مەزگىللىك تىرىشىش ئارقىلىق سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈلمىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەتنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىشقا بەل باغلىدى.

## 2. تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى

سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىكى نۇقسان ئالدىمىزدا ئېنىق تۇرۇپتۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ئىسلاھ قىلمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. قانداق ئىسلاھ قىلىش كېرەك؟ مەن بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەسىلە ئۈستىدە نۇقتىلىق توختىلىمەن:

### 1. ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلىدىغان ئۈنۈممۇ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغاپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئەمما، بىر مەزگىل ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىسلاھاتقا بولغان تونۇشى تازا بىردەك بولمىدى. ئىشىنىمەنكى، ئۈزلۈكسىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، كۆپچىلىكنىڭ تونۇشى تەدرىجىي بىرلىككە كېلىدۇ. يولداش خۇچىلى ئۆتكەن يىل

5 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك مەدەنىيەت خىزمىتى يىغىنىدا: «بىزنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرى-نىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى دۆلەت مالىيەسىدىكى قىيىنچىلىقنى كۆزدە تۇتۇپ ئېلىپ بېرىۋات-قىنىمىز يوق. ئىسلاھات دۆلەت مالىيەسىدىكى قىيىنچىلىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرى-لىۋاتىدۇ دېيىدىغان خاتا چۈشەنچە مائارىپ، پەن - تېخنىكا قاتارلىقلارنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھا-تىدىمۇ مەۋجۇت. دۆلىتىمىز ئاھالىيىتى كەمبەغەل، ئەمما ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى ھۆكۈمەتكە پۇل تېجەپ بېرىش ئەمەس. ئىسلاھات جەريانىدا دۆلەت راسخوتىنى قىسقارتىۋەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنى ئەدرىجىي كۆپەيتىدۇ، بەزىلىرىنى ھەتتا زور دەرىجىدە كۆپەيتىدۇ» دېگەنىدى. گەپ ئىنتايىن ئېنىق بولدى. ئىسلاھاتتىن كېيىن، قوشۇن تېخىمۇ خىل، جايلاشتۇرۇلۇش مۇۋاپىق بولىدۇ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ. راسخوت ئازايتىلمىدۇ ئەمەس، بەلكى كۆپەيتىلىدۇ. چىقىم قىلىش قۇرۇلمىسى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىلىپ، دۆلەتتىن بېرىلىدىغان نەق پۇل ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقىلا ئىشلىتىلىدىغان بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ھازىر سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا دۆلەت باشقۇرۇ-دىغان بىر خىللا مولوكچىلىك تۈزۈمى يۈرگۈزۈلۈۋاتىدۇ. ئەگەر جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تە-رەپلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ئۇنى دۆلەت، جەمئىيەت (جۈملىدىن كوللېكتىپ ۋە شە-خسلەر) بىرلىكتە باشقۇرىدىغان «قوش لىنىيىلىك تۈزۈم»گە ئۆزگەرتەلىگەن بولساق، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ قۇرۇش كۆلىمى شەك - شۇبھىسىزكى، ناھايىتى زور دەرىجىدە كېڭەيگەن بولاتتى. كەڭ تاماشىبىنلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ دۆلەت باش-قۇرىدىغان ياكى كوللېكتىپ باشقۇرىدىغان ئۆمەكلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، ئاساسلىقى ئەدەبىي-سەنئەتكە قارايدۇ. ئويۇننىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولىدىكەن، شەخسلەر قۇرغان سەنئەت ئۆمىكى بولسىمۇ قارشى ئېلىنىۋېرىدۇ، شۇنداقلا تاماشىبىنلار ئارىسىدا شۆھرەت قازىنىپ، تەرەققىي قىلىپ، كۈچىيىۋېرىدۇ؛ ئەگەر ئويۇننىڭ سۈپىتى تۆۋەن بولىدىكەن، ئۇنىڭ دۆلەت باشقۇرىدىغان سەنئەت ئۆمىكى ياكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، ھەتتا مەركەز دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمىكى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تاماشىبىنلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلمەسلىكى، ئابرۇيى چۈشۈپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى تەبىئىي. ياخشىلىرى ئۆزۈپ چىقىپ، ناچارلىرى شاللىنىۋېتىلىدىغان رىقابەت قانۇنىيىتىنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ھازىر يۈر-گۈزۈلۈۋاتقان مولوكچىلىك تۈزۈمىنىڭ تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس.

سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، ئارتىسلار، خىزمەتچى خادىملارنىڭ باقمىۋەندىلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ؛ ئۆمەك باشلىقى ئاش-كارا ئېلان چىقىرىش ئارقىلىق تەكلىپ قىلىنىپ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىچىدىكى نىشان-لىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ياكى ھۆددىگەرلىك توختام تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ئارتىسلار، خىزمەتچى خادىملارنى ئۆمەك باشلىقى مۇددەتلىك تەكلىپ قىلىدىغان ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش توختام تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. تەقسىمات تۈزۈمىدە تەڭ تەقسىماتچىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇ-لۇپ «داشقازان تامىقىنى يېيىش» كە خاتىمە بېرىلىدۇ. «ئەمگەككە قاراپ ھەق ئېلىش» تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئاساسلىق ئارتىسلار بىلەن ئادەتتىكى خادىملارنىڭ ھەق ئېلىش دەرىجە پەرقى چوڭايتىلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئارتىسلار، خىزمەتچى خادىملاردا «خەۋپ تۇيغۇسى»

پەيدا بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئىزچىل يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق
خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىدىغان بولىدۇ. بۇ — سەنئەت قوشۇنىدىكى ئىقتىدارلىقلارنىڭ
بىرلىشىشىگە تېخىمۇ پايدىلىق.

ئاز ساندىكى، سىياسەتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن دۆلەت يار-يۆلەكتە بولىدىغان سەنئەت
ئۆمەكلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بەزى سەنئەت ئۆمەكلىرى ئىگىلىكى ياخشى باشقۇرۇلمىغان-
لىقتىن ياكى دۆلەتتىن بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئازايتىلغانلىقتىن، مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ تارقىلىپ كېتىشى مۇمكىن، بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.
ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولماي، ۋەيران بولغان زاۋۇتلار تاقىلىۋاتقاندا، مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇش قىممىتىنى يوقاتقان ئاز ساندىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنى بىز نېمە ئۈچۈن قوغدىغىدەك-
مىز؟ ئەمما، مېنىڭچە، كۆپ ساندىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ قايتا ئىجادلىققا ئېرىشەلىشى
تامامەن مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار ھىمايىچىدىن ئايرىلغىنى بىلەن، بىرلا ۋاقىتتا يەنە نامۇۋا-
پىق بولغان كونا تۈزۈلمىدىن ئىبارەت «كىشەن» دىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىدە ئۆزى خوجا بولغان
ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولىدۇ. پەقەت ئۇلار ئىسلاھات ئارقىلىق ئىشنى
ياخشىلاشقا ئىرادە باغلىسىلا، نۇرغۇن سەنئەت ئۆمەكلىرى ئۆز ئارا رىقابەت داۋامىدا جەزمەن
ئۆزۈپ چىقالايدۇ. بۇنداق ئۆمەكلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماقلىرى
قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ.

يۇقىرىدىكى تەدبىرلەر رىقابەت مېخانىزمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ،
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى ئۈچۈن جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بېغىش-
لايدۇ، شۇنداقلا سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ — جەزمەن ئىخ-
تىساس ئىگىلىرىنىڭ، مۇنەۋۋەر، نادىر ئەسەرلەرنىڭ، ئوبدان ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ بار-
لىققا كېلىشى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى دەل مانا شۇ.

### 2. ئىجتىمائىي ئۈنۈم — تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئەڭ ئالىي ئۆلچىمى

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈلمىگە مۇۋاپىق كې-
لىدىغان يېڭى سەنئەت ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئويۇن
قويۇش - سەنئەت ئىشلىرى مۇلازىمەت شەكلىدىن تەدرىجىي ھالدا ئىگىلىك باشقۇرۇش شەك-
لىگە ئۆزگىرىدۇ. كۆپ ساندىكى بەدىئىي مەھسۇلاتلار ھەقلىق مۇلازىمەت شەكلى ئارقىلىق
مەدەنىيەت بازارلىرىغا كىرگۈزۈلۈپ، كەڭ تاماشىبىنلارغا كۆرسىتىلىدۇ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ
روشەن ھالدا تاۋارلىق خاراكتېرىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئۇنداقتا، سەنئەت ئىشلەپچىقىرى-
شىدا مەدەنىيەت بازىرىنىڭ ئېھتىياجىنى جەزمەن ئويلاشماي بولمايدۇ، باشقىچە قىلىپ
ئېيتقاندا، «بېلەت قىممىتى» نىڭ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان تەسىرىنى جەزمەن
ئېتىراپ قىلىش لازىم.

يەنە بىر تەرەپتىن، مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ خاراكتېرى ماددىي مەھسۇلاتقا ئوخشىمايدۇ،
ئەلۋەتتە. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىز سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ
مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ خەلقنى تەربىيىلەش، خەلقنى «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇ-
رۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشتەك زور تارىخىي ۋەزىپىنى زىممىسىگە
ئالغان. شۇڭا ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرمەي، نوقۇل ھالدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىلا

قوغلىشىش، ھەتتا، سەنئەتنى تاۋارلاشتۇرۇپ قويۇشمۇ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مېڭىشىقا تېگىشلىك يولى ئەمەس.

شۇڭا، بۇ، بىزدىن نوقۇل ھالدا «ئىيلەت قىممىتى» بىلەنلا ھېسابلىشىپ ئولتۇرماسلىقنى ھەم جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان ئېھتىياجىنىڭ كۆپ قاتلاملىقىغىمۇ سەل قارىماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، ھازىر تازا بازىرى چىقىۋاتقان ئاممىباپ ناخشا - مۇزىكىلار، دىسكو ئۇسسۇلى، چاقماق ئۇسسۇلى، ئالەم ئۇسسۇلى قاتارلىقلارنى ئالساق، بۇ ناخشا-ئۇسسۇللار ئورۇنداش جەھەتتە مەلۇم كونا رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇلاردا شەھۋانىلىق تەرغىب قىلىنماي، خەلققە ساغلاملىق، گۈزەللىك ۋە خۇشاللىق تۇيغۇسى بەخش ئېتەلىسىلا ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇش لازىم. چۈنكى بۇنىڭدا بىر قاتلامدىكى تاماشىبىنلارنىڭ سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. ئەمما، بۇ خىل قاراشنىلا تەشەببۇس قىلىپ، دورامچىلىق بىلەن سەنئەتنىڭ باشقا ھەممە شەكىللىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماقلىرى ھەر خىل چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سىياسەت، قانۇن، نىزاملار ئارقىلىق تەڭشەپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ساغلام راۋاجلىنىشقا يېتەكلەپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ساغلاملىقىنى، جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

ئومۇمەن، بىزنىڭ پرىنسىپىمىز - ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئەڭ ئالىي مىزانى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش ئاساسىدا، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، «ئىككى ئۈنۈم»نىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

### ٣. ئۆز - ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش لازىم

تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا، سەنئەت ئۆمەكلىرى تەدرىجىي ھالدا سوتسىيالىستىك سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن مۇستەقىل شۇغۇللىنىدىغان ئەمەلىي ئىگىلىك باشقۇرۇش گەۋدىسىگە ئايلىنىدۇ. سەنئەت خادىملىرىمۇ پەيدىنپەي ئويۇن قويۇش پائالىيىتىدىن كىرگەن كىرىمنى ئاساس قىلىدىغان، مۇۋاپىق يۆتكىلىپ يۈرەلەيدىغان سوتسىيالىستىك سەنئەت خادىملىرىغا ئۆزگىرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بىر قەدەر ئۇزۇن ئۆتكۈنچى جەريان كېرەك. لېكىن، ئېنىق نىشان تۇرغۇزۇلغانىكەن، جەزمەن بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا شەرت ھازىرلاش لازىم.

بۇنىڭدا، ئالدى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماقلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى كەسپىي، كادىرلار ئىشلىرى، مالىيە جەھەتتىكى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئىمكان قەدەر تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ۋە كەڭ قويۇپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى سىياسەتكە ۋە قانۇنغا ئاساسەن، كەسپىي ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىدە تېخىمۇ كۆپ ئۆزىگە - ئۆزى خوجايىن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش لازىم.

سەنئەت ئۆمەكلىرى «كۈتۈپ تۇرۇش، يۆلىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىش»تەك كونا كۆز قاراشلارنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىپ، ئىچكى قىسمىدىكى رىقابەت مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز، ئاڭلىق ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجادىيەت ۋە ئويۇن قويۇش سۈپىتىنى تىرىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق، كەڭ ئاماشىبىنلار ئارىسىدىكى ئابرويىنى ئۆستۈرۈش؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۆز كەسپىي دائىرىسى بويىچە كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ مەدەنىيەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى تولۇقلاپ، كەسپىي ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كىرىم يوللىرىنى ۋە مالىيە مەنبەسىنى پائال ئېچىپ، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش لازىم. بۇ يەردە، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ ۋە كۈچەيتىپ، كەسپىي سەۋىيىسى ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرى ئىچىدە مۇئەييەن نىسبەتكە ئىگە قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتىمەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى دۆلەتنىڭ يار - يۆلەكتە بولۇشىغا موھتاج. ئەمما ئۇلارنىمۇ ئىسلاھ قىلىش، كىچىك تىپتىكى بولۇش، خىل بولۇش، بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر بولۇش، «ئۇلانمۇچىر» يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئويۇن قويۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش- ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

سەنئەت خادىملىرىنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىپ تۇرۇش مەسىلىسىدە، نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا خىزمەتتىكى ئارتىسلارنىڭ سىرتقا چىقىپ شەخسلەر تەشكىللىگەن ئويۇن قويۇش تەشكىللىرىگە قاتنىشىش مەسىلىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا كۆپ تەرەپلىمە سەۋەب بار. مەسىلەن، بەزى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى ئەمەس، ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرى ناھايىتى ئاز، ئارتىسلار يىللاپ قىلغىلى ئىش تاپالماي بىكار يۈرگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ سەنئەت باھارى زايە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار سىرتقا چىقىپ ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپ، ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتىنى تېپىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. بۇنى ئەسلىدىكى تۈزۈلمىدە مەۋجۇت بولغان ئىللەتلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا كېلىپ چىققان بىر خىل ھادىسە دېيىشكە بولىدۇ! مېنىڭچە، ئۇ، سەنئەت خادىملىرىنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىپ تۇرۇشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى، لېكىن بۇنىڭ تېخى ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن تېخىچىلا قانۇنسىز تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئۆمەكتىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا ئويۇن قويۇشقا قاتناشقان خادىملار بىر قولىدا «تۆمۈر تاۋاق»قا چىڭ ئېسىلسا، يەنە بىر قولىدا شەخسىي ئويۇن قويۇشنى تۇتۇپ يۇقىرى ئىش ھەققىغە ئىگە بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە مۇۋاپىق ئەمەس. قانداق قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە، بۇنى مەمۇرىي تەدبىر قوللىنىپ، بۇيرۇق بىلەن توسقىلى بولمايدۇ. ئالدى بىلەن بۇنداق مۇۋاپىق يۆتكىلىپ يۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاندىن تەدبىر قوللىنىپ، بۇنىڭ نامۇۋاپىق قىسمىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. ئۇلارنى مۇددەتلىك ھالدا مائاشىنى توختىتىپ، خىزمەت ئورنىنى ساقلاپ قالىدىغان قىلىشقا ياكى توختام تۈزۈپ سىرتقا ئارىيەت بېرىپ، ئۇلار تۇرۇشلۇق ئۆمەك ئەمگەك ھەققى ئالىدىغان قىلىشقا بولامدۇ - يوق؟ يەنە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا بىر قىسىم سەنئەت خادىملىرى ئارىسىدا مۇۋاپىق يۆتكىلىپ يۈرۈشنى يولغا قويۇش ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىشقىمۇ بولىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى، بىز باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلغاندا مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ، مەقسەت — ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ يۆتكىلىپ

يۈرۈش يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، سەنئەت قوشۇنىدىكى ئىقتىدارلىقلارنىڭ بىرلىشىشىنى ئىل-گىرى سۈرۈپ، سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئەقىل - ئىدراكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت هازىرلاشتىن ئىبارەت.

**4. هۆكۈمەت سەنئەت ئۆمەكلىرىگە قارىتا ۋاسىتىلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويىدۇ**

خېلى ئۇزۇن بىر تارىخىي مەزگىل ئىچىدە هۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماق-لىرى سەنئەت ئۆمەكلىرىنى هەددىدىن تاشقىرى ئىنچىكە، هەددىدىن تاشقىرى كۆپ، هەددىدىن تاشقىرى ئۆلۈك باشقۇردى. قويۇلۇدىغان ئويۇن نومۇرلىرى، كادىرلارنى يۆتكەش، ئۇس-كۇنە سېتىۋېلىش، رول ئورۇنلاشتۇرۇشتىن تارتىپ ئۆي تەقسىم قىلىش، خادىملار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىقلارغىچە ئۇلار ئارىلاشتى. نەتىجىدە كۆنىۋىيى ئوششاق - چۈششەك ئىشلارغا بەنت بولۇپ قېلىپ، خىزمەتتىكى مۇهىم تەرەپنى، مەسىلەن، سىياسىي ئۆگىنىش، ئىجادىيەت، ستراتېگىيىنى تەتقىق قىلىش، رېئال ئەهۋالنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئۇچۇر ئىگىلەش قاتارلىق مۇهىم هالقىلارنى بوشاشتۇرۇپ قويدى. سەنئەت ئۆمەكلىرىدە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى-نىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ، هۆكۈمەتتىكى مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماقلارنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرىگە بولغان فۇنكسىيىسى ۋاسىتىلىق باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش ئاساسىدا، ئىقتىسادىي، قانۇنىي، مەمۇرىي چارىلەر قاتارلىق كۆپ خىل باشقۇرۇش ۋاسىتىلىرىنى مۇۋاپىق ئىشقا سېلىپ، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ كەسپىي پائالىيىتى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتىگە ماكرو جە-هەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، پىلانلاش، ماسلاشتۇرۇش، نازارەتچىلىك قىلىش، سەنئەت، ئويۇن قويۇش ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈدىغان ۋە ئۇنىڭغا كاپالەت-لىك قىلىدىغان ستراتېگىيە، پىلان، يۆنىلىش، سىياسەت ۋە قانۇن - قائىدىلەرنى تۈزۈش، شۇنداقلا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كەسپىي ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇش، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ئېهتىياجىغا ئاساسەن، سەنئەت ئۆمەكلىرىنى، سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تەڭشەش، ئۇقتىلىق سەنئەت ئەسلىهەلىرىنىڭ قۇرۇلۇ-شىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

**5. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىسلاھاتىنى سالماقلىق، ئېهتىياتچانلىق بىلەن قەدەم - باسقۇچ-لۇق هالدا ئېلىپ بېرىش لازىم**

سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى — مۇرەككەپ،چېتىشلىق دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، شۇنداقلا هەر مىللەت سەنئەت خادىملىرىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، ئۇنى جەمئىيەتتىكى هەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن زىچ هەمكارلاشقاندىلا ئە-مەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، بىز سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىشتا، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەت، فاگجېنلىرى بويىچە رەه-بەرلىكى بولغان هالدا تەرتىپلىك، تەدرىجىي هالدا قانات يايدۇرۇشىمىز، سالماقلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، ئۇقتا ئارقىلىق سىناق قىلىپ، ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەشكە ماهىر بولۇشىمىز، ئۆز ئورنىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىر ۋە ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىشىمىز، تەرتىپلىك، پىلانلىق هالدا ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز لازىم.

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلاھات لايىھەسى ماكرو جەھەتتە يەنىلا ئومۇمىي خاراكتېرلىك ئىمزانا بولۇپ، ئۇنى تېخى تولۇق تاكامۇللاشتى دېگىلى بولمايدۇ. مۇكەممەل ئىسلاھات لايىھەسى ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كېلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، مېنىڭچە، ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى تىرىشىپ ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك. ھازىرقى ئىسلاھات لايىھەسى نۆۋەتتە يۈز كۆرۈلۈۋاتقان ئەمگەك - كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى، ئىش ھەققى تۈزۈمى، مالىيە تۈزۈمىگە بېرىپ تاقالدى. ئىسلاھاتنىڭ كۈنسايىن چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ تېخىمۇ كۆپ تەرەپلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمگەك - كادىرلار ئىشلىرى، مالىيە، پىلان، سودا - سانائەت، باج قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئىسلاھاتقا مۇناسىپ كېلىدىغان يۈرۈشلۈك سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىش - ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش - بارالماسلىقنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالدى. مەسىلەن، ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بىر قىسىم تەكلىپ قىلىنمىغان خادىملارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىش ھەققى تەمىناتى، ئىجتىمائىي ئىستراخوۋانىيە قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى مۇقەررەر. مانا بۇلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جەزمەن يۈرۈشلۈك سىياسەت بولمىسا بولمايدۇ. سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئىسلاھاتنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ، ماددىي جەھەتتىكى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ قوللىشى بولمايدىكەن، ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ - بىزدىن ئىدىيە جەھەتتە ماھىرلىق بىلەن يېتەكلەش ھەم قولغا كەلتۈرگەن ئىسلاھات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، ئىسلاھات - ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزغا ئېلىپ كەلگەن گۈزەل مەنزىرىنى نامايەن قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسلاھاتقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشىنى قوزغىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئىسلاھات تەسەۋۋۇرىمىزنى ھەر مىللەت سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرغاندىلا ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا «تارقاق سىياسەت بەلگىلەش» روھىغا ئاساسەن، جايلاردىكى مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماقلارنىڭ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلاھات لايىھەسىدىكى پىرىنسىپلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىدە ھەقىقىي تۇردە يۈرگۈزۈشكە بولىدىغان لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق، قەتئىي ھالدا، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆز رايونىدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئوبدان ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۇسۇل جەھەتتە ھەممىنىڭ ئوخشاش بولۇشىنى تەلەپ قىلماسلىق، سۈرئەت جەھەتتە ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەمەسلىك لازىم، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

## 3. ئىسلاھاتنىڭ قەدەم - باسقۇچى

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك چېگرا رايون، ئۇزاق تارىخىي شارائىت ۋە بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دېڭىز بويىدىكى رايونلار ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىشلەپچىقىرىش

www.uyghurkitap.com

كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، تاۋار ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان. تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان روشەن پەرقنى ئازايتىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تەۋرەنمەستىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىنى تاللىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ رايوندىكى مەنبەسى جەھەتتىكى تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، جانلىق بىلەن ئىشلىگەندىلا ئاندىن، بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. بىز پەقەت ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىدا ماڭغاندىلا، تەرەققىيات سۈرئىتىمىزنى تېزلىتىپ، ۋەزىيەتنىڭ ئارقىسىدا قېلىشتەك پايدىسىز ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلەيمىز. شۇڭا، كونىۋېرەن تەستىقلاپ تارقاتقان، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئىسلاھاتىنىڭ مەقسىتى ۋە يېتەكچى فاكچىنى، ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي كەۋدە تەسەۋۋۇرى ھەم ئىسلاھاتنىڭ قەدەم - باسقۇچى قاتارلىق پرىنسىپال پىكىرلەر شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇ، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىسلاھاتىنى كۈچلۈك نەزەرىيەۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، شىنجاڭنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە رايون ئالاھىدىلىكى بار. بىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بويىچە، ئۆز يېرىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىسلاھات لايىھەسىنى يولغا قويۇش داۋامىدا ئۆز يېرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى چىقىش قىلىنغان مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىش، بەلگىلىك ئالاھىدە سىياسەتلەرنى تۈزۈش، ئوتتۇرىغا ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىسلاھاتنى سالماقلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشىمىز ھەمدە مۆلچەرلىگەن ئەڭ ئاخىرقى مەقسەتكە يېتىشىمىز لازىم.

مەسىلەن: شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون. تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت، سەنئەت ئەنئەنىسى، ئېستېتىك ھەۋەس جەھەتلەردە ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار، بۇلارغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. شۇڭا، بىز سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى ئويلاشقان چاغدا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنىمۇ ئويلىشىشىمىز لازىم. بەزى مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى كۆپ بولمىسىمۇ، ھۆكۈمەت يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا يار-يۆلەكتە بولۇشى كېرەك. بەزى چەت - ياقا چېگرا ناھىيىلەر قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ، شۇڭا، ئۇلارنىمۇ ئېتىبار بېرىش دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزۈش كېرەك. شىنجاڭنىڭ قاتناش لىنىيىسى ئۇزۇن، يېزى كەڭ، ئاھالىسى تارقاق ئولتۇراقلاشقان. بولۇپمۇ، چەت - ياقا، چېگرا جايلاردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاھالە تېخىمۇ شالاڭ، تارقاق. بۇ، سەنئەت ئۆمەكلىرىگە قىيىنچىلىق كەلتۈرىدۇ. ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلە شۇكى، ئويۇننىڭ تەننەرخى يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاماشىبىنلارنىڭ دائىرىسى تار، ئويۇن قويۇش كىرىمى تۆۋەن. ئەلۋەتتە، بۇ ئويېكتىپ شارائىتلار ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كۈنىگە - كۈندىن ياخشىلىنىپ بارىدۇ. ئەمما، نۆۋەتتە بۇ پايدىسىز ئامىل سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى

كۆچەيتىشكە توسالغۇ بولماقتا. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقاندا، شىنجاڭدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش بىر قەدەر مۇۋاپىق.

### 1. باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش

بۇ باسقۇچتا، ئالدى بىلەن مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماقلار ۋەزىپە ئۆتەشكە تەكلىپ قىلغان ئۆمەك باشلىقلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ياكى مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماقلار ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش ئارقىلىق بەلگىلىگەن ئۆمەك باشلىقلىرىنىڭ ھۆددىگە ئېلىش توختام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش. مەيلى قايسى خىلدىكى ئۇسۇل قوللىنىلمىسۇن، رىقابەت مېخانىزمىنى يولغا قويۇپ سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەردى كادىرلىرىنى تاللاشتا، زور كۆپچىلىك ئاممىنىڭ رايىنى ئاساس قىلىپ، ئەخلاقىي پەزىلىتى، كەسپىي ئىقتىدارى، تەشكىللاتچانلىقىنى ئاساس قىلىپ تاللاش، ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش، تەيىنلەش كېرەك. مەيلى قانداق شەكىل قوللىنىلمىسۇن، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەردى كادىرلىرى ئېنىق بېكىتىلگەن ھامان مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماقلار كادىرلار ھوقۇقىنى، مالىيە ھوقۇقىنى، كەسپىي پائالىيەت ھوقۇقىنى، ئىگىلىكىنى ئۆزىگە - ئۆزى خوجايىن بولغان ھالدا باشقۇرۇش ھوقۇقىنى، ئەمگەك ھەققىنى تەقسىملەش ھوقۇقىنى ئىمكان قەدەر تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ ۋە كەڭ قويۇپ بېرىپ، مەمۇردىي جەھەتتىن ئارىلىشىشنى ئازايتىش كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت چۈشۈرگەن بەلگىلىك شتات سانى دائىرىسىدە ئۆمەك باشلىقىنىڭ ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىش چارىسى يولغا قويۇلىدۇ. ئۆمەك باشلىقى تەكلىپ قىلىپ خىزمەتكە قويۇش تۈزۈمى ياكى ئويۇن قويۇش توختام تۈزۈمى ئارقىلىق مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقىنى، بەدىئىي يېتەكچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك سەنئەت خادىملىرىنى، رېژىسسورلارنى، ئىجادىيەت خادىملىرىنى ۋە مەمۇردىي كادىرلارنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلىپ، مۇنەۋۋەر سەنئەتكارلارنى تايانچ قىلغان، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشقا كۈچلۈك ماسلىشالايدىغان قابىل، ئىقتىدارلىق، پائالىيەتچان ئىجادىيەت، ئويۇن قويۇش ئەمەلىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇش يولىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنمىدىغان خادىملارنىڭ تەكلىپ بىلەن خىزمەت ئۆتەش مۇددىتىنى ئېنىق بېكىتىش لازىم. مۇددەت توشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ داۋاملىق تەكلىپ قىلىنىشى ياكى قىلىنماسلىقى خىزمەتتىكى تۆھپىسى ۋە ئىپادىسىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. ئۇدا ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق تەكلىپ قىلىنغانلارنى دائىملىق خادىم قىلىپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

پارتىيە، ئىتتىپاق، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ ئۇلارنىڭ كاپالەتلىك، نازارەت قىلىش رولى كۈچەيتىلىدۇ. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش يولغا قويۇلىدۇ. دۆلەتنىڭ مائاش تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلىنىشتىن ئىلگىرى، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈرلۈك چارىلەرنى قوللىنىپ، ئاساسلىق ئارتىسلار بىلەن ئادەتتىكى ئارتىسلارنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چوڭايتىشىغا ھەم پۈتۈن ئۆمەكنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى

www.uyghurkitap.com

بىلەن شەخسلەرگە بېرىلىدىغان ھەقنى باغلىشىدا، شەخسلەرگە بېرىلىدىغان ھەق بىلەن ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنى باغلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماقلارنىڭ راسخوت ئاجرىتىشتىكى تەڭ تەقسىماتچىلىقنى بۇزۇپ تاشلىنىپ، سەنئەت ئۆمەكلىرى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىپ، بەزىلىرىدە خام چوتنى ھۆددىگە بېرىش، بەزىلىرىدە مائاشنى ھۆددىگە بېرىش، بەزىلىرىدە سان بەلگىلەپ قوشۇمچە ياردەم بېرىش چارىسى يولغا قويۇلىدۇ. ئىگىلىكنى ئالاھىدە ياخشى باشقۇرغانلار مۇكاپاتلىنىدۇ، ئىگىلىكى ياخشى باشقۇرۇلماي زىيان تارتقانلار جازالىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى بىر قاتار ئەمەلىي تەدبىرلەر ئىقتىدارلىقلار ئۈزۈپ چىقىپ، ناچارلىرى شاللىنىۋېتىلىدىغان، قابىللار بىرلىشىدىغان رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت بىرلا مەقسەتنى دەۋر قىلغان ھالدا يولغا قويۇلىدۇ.

**2. سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەپ، تەكلىپ قىلىنماي قالغان خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش**

باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق بىز سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ سەنئەت كۈچىنى، ئىگىلىك باشقۇرۇش چارىسىنى، تەرەققىيات ئىستىقبالىنى ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلەشنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز ۋە مۇشۇ ئاساستا ئۇلارنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى مۇۋاپىق تەڭشەشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز. تارقاق سىياسەت بەلگىلەش پرىنسىپى بويىچە بۇنى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بەلگىلەيدۇ.

بۇ باسقۇچتىكى مۇھىم بىر خىزمەت — تەكلىپ قىلىنماي قالغان خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بىز ئەمگەك-كادىرلار نازارىتى، مالىيە نازارىتى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىنى تۈزۈپ چىقتۇق. رەسمىي ھۆججەت قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، جايلارنىڭ بۇنى ئىزچىللاشتۇرۇشىنى سورايمىز. بۇ قېتىم ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك خادىملارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ، ئۇنىڭغا كېتىدىغان ۋاقىتمۇ تەبىئىي ھالدا بىر قەدەر ئۇزۇن بولىدۇ. سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ نورمال خىزمىتىگە تەسىر يەتمەسلىكى ئۈچۈن، تەكلىپ بىلەن خىزمەتكە قويۇشنى يولغا قويغان سەنئەت ئۆمەكلىرى تەكلىپ قىلىنغان خادىملار بىلەن تەكلىپ قىلىنماي قالغان خادىملارنى ئايرىپ باشقۇرۇشى لازىم.

**3. «قوش لىنىيىلىك تۈزۈم»نى يولغا قويۇش**

مۆلچەرىمىزچە، ئالدىنقى ئىككى باسقۇچتىكى خىزمەتنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىشقا ئىككى-ئۈچ يىلچە ۋاقىت كېتىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچتىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنداشقا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق ۋاقىت كېتىدۇ. چۈنكى «قوش لىنىيىلىك تۈزۈم» سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئۆزىدە ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىقتىدارى بار بولۇشىنىلا ئەمەس، يەنە شۇنىڭغا لايىق ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ بولۇشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ ئىككى جەھەتتىكى شەرتنى ھازىرلىغاندىلا، «قوش لىنىيىلىك تۈزۈم» مۇستەھكەملىنەلەيدۇ. تەرەققىي قىلالايدۇ، زورىيالايدۇ. بۇرۇن ئاپتونوم رايونىمىزدا شەخسلەر ياكى كوللېكتىپلار قۇرغان سەنئەت ئۆمەكلىرى بولغانىدى، ئەمما، ئۇزۇنغىچە داۋاملىشالمىغىنى ئىنتايىن ئاز. ئەلۋەتتە،

بۇ ھەرگىزمۇ ھازىر شەخسلەر ياكى كوللېكتىپلار قۇرغان سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئۆزئۆزىنى-چە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. بەرىبىر سوۋېيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى شەرت-شارائىت ھازىرلانمىسا، پۇرسەت پىشىپ يېتىلمىسە، لىنىيىسىنى ئۆزگەرت-كىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز يەنىلا بىرىنىڭ شەرتى پىشىپ يېتىلسە بىرىنىڭ لىنىي-يىسىنى ئۆزگەرتىشىمىز تۈزۈك. ئۇلار بىر قەدەر ئۇزۇن ۋاقىت ياخشىلار ئوزۇپ چىقىپ، ناچارلار شاللىنىپ، تاللىنىدىغان رىقابەت داۋامىدا چېنىقسۇن ۋە سىنالسۇن. «قوش لىنىيىلىك تۈزۈم»-نىڭ تەبىئىي ھالدا شەكىللىنىشى سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە تېخى-مۇ ئۇيغۇن دەپ قارايمىز. بۇ، بىر ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشان.

بۇ، ئەلۋەتتە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش كېرەك، دېگەنلىكمۇ ئەمەس. ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماقلىرى پائال يېتەكلەپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي ياكى جامائەت پىكرى تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش ئىستىقبالى بار ئورۇنلارنى كۈچلۈك قوللاپ-قۇۋۋەتلەش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ لىنىيە ئۆزگەرتىشىنى ئىمكان قەدەر تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى شىنجاڭدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يۇقىرىدىكى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىشنى مۆلچەرلەۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئۈچ باسقۇچنىمۇ تامامەن بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. بىرىنچى قەدەمنى ماڭغاندا، مۇۋاپىق بولمىغانلىقى روشەن بولغان جايلاشتۇرۇشلارنى تەڭشەشكىمۇ بولىدۇ؛ تەكلىپ قىلىنماي قالغان خادىملارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش يولى تېپىلىپ قالسا، ئۇنى ئىككىنچى قەدەمدە ئورۇنلاشتۇرىمىز دەپ كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. ئىككىنچى باسقۇچقا كىرىشكەندە، تەكلىپ قىلىنماي قالغان خادىملار ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر ئۆز ئالدىغا ئىگىلىكىنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا باشقۇرىدىغان، پايدا-زىيانىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان سەنئەت ئۆمەكلىرىنى قۇرۇشنى، ھۆددىگە ئېلىشنى ياكى ئىجارىگە ئېلىشنى خالىسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان لايىھىسىنى ئەمەلىيەتتە يۈرگۈزۈشكە بولىدىغان، مۇستەھكەملىنەلەيدىغان، راۋاجلىنالايدىغان بولسىلا بۇنىڭغىمۇ رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئىسلاھات لايىھىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە سىياسەتلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈشكە كەلسەك، بۇ-ئىسلاھاتنىڭ بېشىدىن-ئاخىرىغىچە سىڭدۈرۈلىدىغان تېخىمۇ مۇھىم خىزمەت ھېسابلىنىدۇ.

مۇشەققەتلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن كېيىن، بىز ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر مىللەتنىڭ، سەنئەتنىڭ تۈرلۈك خىللىرىدىكى، تۈرلۈك بەدىئىي ئۇسلۇب، بەدىئىي ئېقىمدىكى ھەم ئوخشاش بولمىغان قاتلاملارنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە، مەدەنىيەت بازىرىدا ھەممەيلەن ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، ئەركىن رىقابەتلىشىدىغان، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىدىغان، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايرايدىغان» گۈللەنگەن، ئاۋات مەنزىرىنىڭ بارلىققا كېلىدىغان-لىقىغا ئىشىنىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى





(ھېكايە)

مۇھەممەت باغراش

قۇمۇش بىلەن قاشالانغان قورۇ. كونىرىغىنىدىن ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئىككى ئېغىز كېپەك ئۆي. بەش-ئالتە تال بادىرىغا قالايمىقان ئارتىلغان، نېمە سەۋەبتىندۇر ئاينىيالماي قالغان ئۈزۈم تېلى.

...تاڭ سەھەر. ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئاستىدىكى سۇپىدا قورۇنىڭ خوجايىنلىرى — ئېگىز ۋە قاتمال كەلگەن ئورا كۆز، قاڭشالىق، يۈز-كۆزلىرىنى ساقال باسقان، 47 — 48 ياشلاردىكى ئەركەك بىلەن چىرايى ئاق سۈزۈك، ئۇزۇن-ئۇزۇن قاش-كىرپىكلىرى قاپقارا، چىرايلىق كۆكۈچ كۆزلۈك، 40 ياشلاردىكى يادىڭغۇ ئايال ياغاچ تەڭلىگە يېيىلغان كاۋاپ توغرامچىلىرىنى ئالدىراپ زىخقا ئۆتكۈزۈپ ئولتۇرىدۇ. ئايالنىڭ چىرايىنى ۋاقىتسىز قورۇق باسقان، لېكىن ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى، توغرامچىنى تەڭلىدىن ئېلىش ئۈچۈن كۆزىنى قولىدىكى زىختىن يۆتكەپ تەڭلىگە ھەر بىر قارىغىنىدا ئۇچۇپ-ئۇچۇپ تۇرغان قاش-كىرپىكلىرى، ئۇنىڭ چىرايلىق ئېگىكى ۋە ئاپئاق بويىنىدا ھېلىمۇ جىلمىيىپ تۇرغان بىر خىل نازۇكلۇق، بۇ ئايالنىڭ ياشلىقىدا تولىمۇ گۈزەل قىز

بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇردۇ. شۇنداق، بۇ ئايالنىڭ ئاشۇ گۈزەل ياشلىقىمۇ شۇ قورۇدا ئۆتتى. ئۇنىڭ ياشلىق گۈلىنىڭ گۈزەل چېچەكلىرى ئۇ قورۇدا تاشلىنىپ ياتقان ئاشۇ بىساتلار-قول هارۋىسىنىڭ كاردىن چىققان يەكپاي چاقى، ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئۇدۇلىغا قويۇلغان، ئاپتاپتا قاغجىراپ شالاقلاپ كەتكەن كونا پوسۇندىكى ياغاچ كارىۋات، سۇپىغا سېلىنغاندىن بېرى ئالماشتۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن گويا ئاشۇ توپا سۇپىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ چاپلىشىپ كەتكەن كونا كىگىز، سۇپىنىڭ تۆرىگە قويۇلغان، تاختىيىنىڭ چۈشىدىغىنى چۈشۈپ، ئاجرايدىغىنى ئاجراپ قەپەزگە ئوخشاپ قالغان ئۇزۇس ساندۇقى، قورۇنىڭ بۇلۇڭىدىكى گىرۋىكى ئۈچۈپ چۈشكەن كونا تونۇر.... ئارقىلىق بۇيىنىنى قىسقىنىچە بىزدىرىپ مۈكچىيىپ تۇرغان نەپرەتلىك، قىرچاڭغۇ، مىسكىن نامراتلىقنىڭ ئاستىغا كۆمۈلدى. خۇددى تويى بولغان كۈنى ئارزۇلۇق قىزىنىڭ بىردىنبىر تويلۇقى سۈپىتىدە ئانىسى ئۇنىڭ قولىغا سېلىپ قويغان مومامىراس ئالتۇن ھالقىسىنىڭ يالقۇنىدەك جۇلاسى، تاقاپ يۈرگىنىدەك رېغبىتى بولمىغاچ تالاي يىللاردىن بۇيان ئۇيۇقتا تاشلىنىپ ياتقىنى ئۈچۈن چاڭ-توزاندا خىرەلەشكەنىدەك، ئۇنىڭ ئاشۇ گۈزەل، نەۋباھاردەك يالقۇنلۇق ياشلىقى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن 20—25 يىلدىن بۇيان سۆرۈلۈپ ئەگىشىپ يۈرگەن رودىپاي يوقسۇللۇقنىڭ شەپقەتسىز ئۆتكىسى ئاستىدا پۇچۇق ئەينەكنىڭ سۇنۇقىدەك ئېزىلىپ كۇكۇم-تالقان بولدى! ئۇ، مۇشۇ كۈنلەردە پەقەت شۈكرى-سانا، تائەت-ئىبادەت بىلەنلا ئۆزىگە تەسەللىي تاپىدۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىگە شۈكرى قىلىۋاتقىنىنى بىلمەيدۇ، ئەمما ئاشۇ ھەر كۈنلۈك ناماز-ئىبادىتىنىڭ، تۈگىمەس شۈكرى-ساناسىنىڭ ئۆزىنى ھايات، كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى ئىزدىنىشىنىڭ قاقشىتىشىدىن، تاتلىق ئارزۇ-ئۈمىدلەرنىڭ ئاچچىق-ئاچچىق چېقىشىدىن، ئازابلىق ئارمانلارنىڭ كۆيدۈرۈپ ئۆرتىشىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇنى مەۋھۇم، نائېنىق، مۇئەللەق تىپتىنچ بىر پىنھان دۇنياغا باشلاپ، ئۆزىنى خۇددى تام تۈۋىدە ئۈنۈپ قالغان يالغۇز چۆپتەك غەمسىز، ئىنتىلىشسىز، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغۇز ئۇخلىشى ۋە ئالدىدا ئولتۇرغان مۈنۈ تۈگمەن تېشىدەك قوپال ۋە مەھكەم، سوغۇق تەلەت، ئەمما باغرى يۇمشاق جاپاكەش ئادەم ئالدىدىكى ئانا ۋە ئاياللىق بۇرچ-مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن بۆلەك زېمىنىسىگە ھېچقانداق ئارتۇقچە يۈك ئارتىۋالمىغان، ۋۇجۇدى پەيدەك يەڭگىل، كۆڭلى كۆزدەتكى سۇدەك تىپتىنىچ بىر ئىنسانغا ئايلاندۇرالايدىغان قۇدرەت كۈچىگە چىن قەلبىدىن قايىل ۋە ئۆزىنىڭ شۇ ھالىدىن چەكسىز مەمنۇن. شۇڭا ئۇنىڭ ئىشى ھەربىر قەدەمدە بىر شۈكرى-سانا، ھەر كۈنلۈكى بەش ۋاخ ئىبادەت. بۇ، ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ مەزمۇنى. بىر تال ئوغلىغا ۋايىم يېيىش، ئۇنىڭ دادىسىغا ئىتائەتمەنلەرچە ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىش ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ قىممىتى. ئۇ ئەنە شۇنداق ياشاپ كەلدى. ئەنە شۇنداق ياشايدۇ. خۇددى قۇشتەك-توخۇم چىقىرىش، بالىلاش ۋە بالىسىنى بېقىشنىلا بىلىدىغان، ئەڭ ئاخىرىدا بولسا جىمىدىلا ئۆلۈپ قالىدىغان ئانا قۇشتەك... ئۇ، بۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئىختىيار قىلىدۇ.

ھەر بىر تال توغراچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى كۆڭلىدە بوداپ، ھەر بىر تال

زېمىنىكى تۇغرامچىنى قايتا-قايتا ساناپ ئولتۇرغان مۇنۇ ئادەم ھەم شۇ، بىرلا پەرقى — بۇ ئادەمدە ئارزۇ-ئىنتىلىش بار، ئۇ، پۇل تېپىشنى، پۇل تېپىشنى ۋە يەنە پۇل تېپىشنىلا ئويلايدۇ. لېكىن ياقىغا قويىرۇق، ئۇسكەككە مۈڭگۈز بەرمىگەن خۇدايىم بۇ ئادەمگىمۇ ناھايىتى ئاز پۇل بەردى. كېچە-كۈندۈز پۇل ۋەسۋەسىدە ئۇخلىيالمايدىغان بۇ بىچارە جان، پۇل تاپىدىغان يول تاپالمىدى، يول تاپالمىغاچقا پۇلمۇ تاپالمىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئارزۇسىدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ، مۇشۇ ئىزتىراپ ئىچىدە قىينىلىدۇ، پۇچۇلىدۇ، ئۆرتىنىدۇ...

ئۇنىڭمۇ قىران ياشلىقى بولغان، «مانا، مەن» دېگەن نوچىنى بىر پەشۋا بىلەن يەر قىلغان، بەلباغ چىگىپ مەيدانغا چۈشۈپ ياملىشنى يەرگە تەگكۈزمىگەن، ئۆزىنىڭ قورقماسلىقى، مەردلىكى، باھادىرلىقى، جۇشقۇنلۇقى ۋە كىشىلەر ئاڭلاپ تېگىگە يېتەلمەيدىغان ئارزۇ-ئارمانلىرى بىلەن ئاللىكىملەرنى چۆچۈتۈپ، ئاللىكىملەرنىڭ ھەۋەس-ئىشتىياقىنى قوزغاپ، دوستىنى كۈلدۈرۈپ، دۈشمىنىنى يىغلىتىپ، خېلى يەرلەردە، خېلى يىللارغىچە ئۆزىنىڭ نام-ئاتىقى بىلەن كىشىلەرنى ئەيمەندۈرۈپ يۈرگەن ئاجايىپ ياشلىقى بولغانىدى. لېكىن چېكى يوق نامراتلىق ۋە ئارزۇ قىلغانغا يېقىپ چۆرگىلىمەيدىغان تەتۈر پەلەك، ئاخىرى بۇ ئەزىمەتنىمۇ ئېزىپ كاردىن چىقاردى، بىر پۇچۇق تەڭگىنىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ قېتىم ئۆملەيدىغان ئۆلۈمتۈك قۇرت قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئەمدى لاۋۇلدايدىغىنى پۇلنىڭ ئوتى بولۇپ قالدى... نامراتلىق بىر ئېگەك ئىكەن، جاننى غاجايدىغان بىر ئېگەك ئىكەن. بىر كىشىنىڭ

ئادەمنى تۇرغانلا بىر تاشقا، رەھىمسىز، ئاچكۆز، ئەخمەققا ئايلاندۇرۇپ قويىدىكەن. بۇنىڭغىمۇ شۈكرى، پايتىمىسى [illegible]رۇلۇپ قالسىمۇ خۇدا قوشقان ئېرىدىن يۈز مىڭ قېتىم شۈكرى... ئەمدى ئاشۇ بالام دادىسى ماڭغان يولدىن ماڭماس، تەققىي-تۇرقى دادىسىنى تارتقان، ئۆڭ-چىرايىمۇ تارتقان بىلەن، ئۇنىڭ مىجەز-خۇيى بىزگە ئوخشىمايدۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزى بىر خاسىيەت، كۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ... خۇدا دادىسىغا نېسىپ قىلمىغان يولنى ئوغلۇمغا بەرسۇن. ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى بىز كۆرگەن خارۇ-زارلىقنى كۆرمىسۇن ئىلاھىم...

بىر چاغدا ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇپۇق تەرەپكە قاراپ قويدى. ئاسماننىڭ بىر تەرىپى گۈل يايرىقىدەك قىزىرىشقا باشلىغانىدى. ئايازنىڭ مېڭىسىدە قىپقىزىل چوغدەك لاۋۇلداپ ئېچىلغان گۈللەر ئەكس ئەتتى. ئۇ نەزەرىنى ئۆيىنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن تېمىنىڭ تۈۋىنى بويلىتىپ تىزىلغان گۈل تەشتەكلىرىگە ئاغدۇردى. قاتار تىزىلغان گۈل تەشتەكلىرىدىكى ھەر خىل گۈللەر تاڭ شەپىقىنىڭ يۇمشاق نۇرىغا كۆمۈلۈپ يالتىراپ تۇراتتى. گۈل يايرىقىدىن بالقىپ ئەتراپقا تاراۋاتقان يارقىن نۇردىن بۇ قورۇنىڭ كۆرۈمسىزلىكىگە ماس كەلمەيدىغان بىر خىل خۇشاللىق يېيىلىۋاتاتتى. ساغلام، نۇۋەر، شوخ، جۇشقۇن چىرايلار — گۈلنىڭ چىرايلىرى. ئۇلار كۈلمەكتە، بەزىلىرى سۈزۈك كېچە ئاسمىنىدىكى كەپسىز يۇلتۇزلاردەك كۆزىنى قىسىپ، بەزىلىرى يېڭىلا توي چېيى ئىچكەن قىزدەك نازلىنىپ، بەزىلىرى ئۇزۇن ساقلانغان ئۆتكۈر مەي ئىچكەن يىگىتتەك خۇمارلىنىپ، بەزىلىرى ئانىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

كۆكسىگە تەلپۈنۈپ تۇرغان بالىدەك ۋىلىقلاپ، بەزىلىرى بۇ ئايالنىڭ يالغۇز ئوغلىدەك خىيالچان ھالەتتە كۈلەتتى. ئايال گۈللەرنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلىدى. كۈمۈش قوڭغۇراقتەك، زىلال سۇنىڭ چولدۇكلىشىدەك، قۇش چوجىلىرىنىڭ چۇرۇقلىشىدەك، تىترەك ئاۋازدا ياڭرىغان مۇڭلۇق ناخشىدەك، چەشمە بۇلاقنىڭ شىلدىرلىشىدەك، پەرىشتىنىڭ پىچىرلىشىدەك يېقىملىق، ئىشتىشلىك، يۇمران، يۇمشاق، ئىللىق، قىزغىن كۈلكىلەرنى ئاڭلىدى. قۇۋۋەتسىز، قۇرۇغان، ھارغىن جىسمى ھوزۇرلىنىپ كەتتى. غۇنچىدەك لەۋلەرنى، مېغىزدەك ئېغىزلارنى، گۈلرۇچتەك ئاپئاق ۋە ئۇششاق، پاكىز چىشلارنى، ئۇچقۇندەك، يۇلتۇزدەك، ياقۇتتەك چاقناپ تۇرغان كۆزلەرنى كۆردى. تېخى بايىلا بامدات نامىزىغا ئولتۇرغان چاغدا ئۇلۇغ ئىبادەت سائىتى ئۇنىڭغا بەخش ئەتكەن بۈيۈك رىغبەت ۋە تەسەللىدىن ئارام تاپقان ئۇنىڭ جېنى، ئەمدى شۇ گۈللەرنىڭ كەرەشمىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ يۈرىكىگە قويۇلۇۋاتقان شېرىنلىكتىن كەيپىلەندى، ئۆزى بىردىنلا جەننەت باغلىرىدا سەيلە قىلىپ يۈرگەن ھۆر - غىلمانغا ئايلىنىپ قالدى...

ئۇيغۇر گۈل خۇمارلىقى — بىر كونىلۇق قورساق غېمىدە تەرگە چۆمۈپ - مۈكچىيىپ ئىشلەۋاتقان ناتىۋان خوتۇنغا دىم ئىچىدە پۈتۈن ئالەم سىغىدىغان كۆڭۈلگە سىغدۇرۇپ بولالمىغىدەك تەسەۋۋۇر ئاتا قىلىۋەتتى. ئايالنىڭ گۈللەرگە مەھلىيا بولغان كۆزلىرى شېرىن كەيپىلىكتە قىسىلدى... ئايال بىردىنلا چۆچۈپ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. ئۇنىڭ كۆزى ئەڭ چەتكە تىزىلغان، ۋايىغا يېتىپ تازا باغچانلاپ كەتكەن سۆگەت گۈلىگە مىختەك قادىلىپ قالدى. ئايالنىڭ چىرىنى قاپلىغان بايىقى خۇشاللىقنىڭ ئورنىنى بىر خىل ۋەھىمە ئىگىلىگەنىدى. ئايال قانسىزلىنىشقا باشلىغان قۇرغاق لەۋلىرىنى دەككە - دۈككە ئىچىدە يالاپ قويدى.

— چۈنچىباي ...، — ئايال بىر ھازادىن كېيىن تەشۋىشلىك پىچىرلىدى، — ئاۋۇ تەرەپكە قارىسىلا ... — ئايال ھېلىقى سۆگەت گۈلىدىن كۆزىنى ئۈزمىگەنىدى. ئايالنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

— ھە، نېمە بوپتۇ!

چۈنچىباي توغرامچىلا لىقلانغان تەگلىدىن بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي خىرقىرىدى.

— ئاۋۇ سۆگەت گۈلى...، — ئايال سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى.

چۈنچىباي ئۈنچىقماي ئىشىنى قىلىۋەردى. ئۇنىڭ كۆزىگە شۇ تاپتا تەگلىدىكى توغرامچىدىن بۆلەك ھېچنەرسە كۆرۈنمەس ئىدى.

— باشقىچىلا ئېچىلىپ كېتىپتا؟!...، — ئايالنىڭ چىرايىدا چوڭقۇر ساراسىمە ئەكس ئەتتى، — ھېچقاچان... ھېچقاچان بۇنچە... بۇنداق...

— ئېچىلمىسۇن دېسەڭ ئۇ نېمەڭدە ئېشەك باقساڭ بولامتى! — ئۇيقۇغا قانمىغان كۆزلىرىنى ئالايتتى چۈنچىباي زەردە بىلەن.

ئايال ھېلىقى سۆگەت گۈلىدىن كۆزىنى ئالماي، ئورنىدىن ئاستاغىنە تۇردى ۋە تولا يۇيۇپ ئۆڭۈپ كەتكەن چىت كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى غىجىملاپ چىشلىدى.

— ۋاي خۇدايىمەي ...، نېمە ئىشتۇ، بۇ ئۆتەساپا ئاپئاق ئېچىلىپ كېتىپتىمىيا بۇ گۈل... — ئايال يىغلامسىرىدى.

— نېمە؟ نېمە دەيسەن؟! — چۈنچىباي چۆچۈپ كەتتى. ئۇ، ئالاقزادە بولۇپ گۈللەر تەرەپكە چەكچەيدى.

ئىككى تەشتەكتىكى سۆگەت گۈلى بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا خۇددى كىمدۇر بىر سۈپۈرۈپ چىقىۋەتكەندەك باغچىلىنىپ، ئاپئاق پورەكلەپ كەتكەنىدى. بۇ ئاپئاق گۈللەر ھەممە گۈلدىن ئېگىز ئۆسكەچكە، باشقا گۈللەرنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان ئاق يوپۇقتەك كۆرۈنەتتى.

چۈنچىبايىنىڭ ھەلقۇمى قىمىرلاپ كەتتى، ئۇمۇ خۇددى ئايالىغا ئوخشاشلا قۇرۇغان يىرىك لەۋلىرىنى يالاپ قويدى.

— ئاللاھ! نېمە كارامەتتىگىز بۇ، ماڭا كۆرسىتىۋاتقان، — دېدى ئايال يىغلىغاندەك ئاچچىققىنە ئېگراپ، — خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن! تۆۋە قىلدىم... 100 مىڭ قېتىم تۆۋە...

— ئېيت ژىن يېمەستە ئاغزىڭنى ئۇششۇتمەي كاۋېپىڭنى ئۆتكۈز مايسەك! — چۈنچىباي بىردىنلا ئايالىغا گۆلەيدى، — ھېلى ئاشۇ گۈل-پۇللىرىڭنى چاناپ-چانىۋېتىمەن!...

چۈنچىبايىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇمۇ قورققانىدى. ھەممە ئۇيغۇر ئەركەكلىرىگە ئوخشاش، چۈنچىبايمۇ ئۆز قورقۇنچىنى بىگۇناھ خوتۇنىغا چالۋاقاش بىلەن قوغلىۋەتمەكچى بولۇۋاتاتتى.

ئادەتتە ئېرىنىڭ زەردە بىلەن بىر تىلىپ قويۇشىدىنمۇ چۆچۈيدىغان بۇ ئايالغا شۇ تاپتا ئېرىنىڭ جەھلى بىلەن ھۆرپىيىشىمۇ تەسىر قىلالمىدى. ئايال قىياپىتىنى ھېچ ئۆزگەرتمەي، تاڭنىڭ مەيىن شامىلىدا يېنىك تەۋرىنىپ تۇرغان سۆگەت گۈللىرىگە قاراپ قېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چوڭ ۋە كۆككۈچ كۆزلىرى چوڭقۇر ھەسرەت ـ قايغۇ، ئۇمىدسىزلىك چاقلىرى بىلەن كۆنسىزلانغانىدى. مۇشۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچقانداق سۆز كىرمەس ۋە كۆزىگە ئاشۇ ئاق رەڭلىك غەلىتە گۈللەردىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەس ئىدى. ياپيېشىل ياپراقلار ئارىسىدا ئاق قاردەك تاۋلىنىپ، كۆز چېقىپ تۇرغان [illegible] لەنتى ئاق گۈللەر ئايالنىڭ كۆزىگە [illegible] مېيىتنىڭ كېپىنىدەك، گاھ ئۆلۈۋاتقان ئادەم كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك، جەسەت بىر مۇدھىش ئاۋازدا قاتتىق كۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈندى... ئاق گۈل — ئاق رەڭلىك ئۆلۈم! گۈللەپ ـ ياشناپ تۇرغان ئۆلۈم! كۈلۈمسىرەۋاتقان، كۈلۈۋاتقان، گۈزەل، خۇش خۇي، پاكىزە، جۇشقۇن، مۇدھىش ئۆلۈم!...

ئايالنىڭ تەپەككۇرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆرۈش سېزىقىدا — ئاشۇ ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈللىرىنىڭ ئورنىدا — بىر ـ بىردىن دەھشەتلىك كۆرۈنۈشلەر زاھىر بولۇۋاتاتتى. ئايالنىڭ چىرايى بارغانسېرى تاتىرىپ، نېپىز لەۋلىرى قانسىزلىنىپ كەتتى. ئۇ ئىككى قولىنى مەيدىسىگە ئالغىنىچە جانسىز ھەيكەلدەك قىمىر قىلماي تۇراتتى. مۇبادا كىچىككىنە بىر تىۋىش ئاڭلانسىلا بۇ ھەيكەل «گۇپپىدە» يىقىلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

چۈنچىباي گاھ ھېلىقى گۈللەرگە، گاھ ئەقلىدىن ئېزىپ قالغاندەك قورقۇنچلۇق قىياپەتتە قېتىپ تۇرۇپ قالغان خوتۇنىغا قاراپ بىردەم دىلىغۇل بولغاندەك ئولتۇرۇپ قالدى. لېكىن كۆزى تەگلىدىكى تۇغرامچىغا چۈشۈشى بىلەنلا بازارنى ئېسىگە ئېلىپ زىخقا كاۋاپ ئۆتكۈزۈشكە يېڭىباشتىن كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ زىخ تۇتقان قولى بىلىنەرلىك تىترەيتتى.

بىر ھازادىن كېيىن، ئايال ئېسىنى تاپقاندەك ئالدىراپ سۇپىغا چىقتى. ئاندىن تەكىينىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويغان بىر باغلام ئادراسماننى ئېلىپ، سۇپىدىن چۈشۈپ ئۆي ئىشىكىگە قاراپ يۈگۈردى.

www.uyghurkitap.com

...بازار ۋاقتى بولۇپ قالدى، بىر قولۇمنى ئۇن قىلالمايۋاتسام نېمە چوڭچوڭ بولۇپ قالغاندەك بىر ئىزىمدا ئولتۇرالمايمەن؟

چۈنچىباي ئايالىنىڭ ئارقىسىدىن چاللىۋاقىدى. ئايال ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئايال تاشقارقى ئۆيگە كىرىپ قولىدىكى ئادراسماننى بەلكەتمەنگە ئۇشتۇپ سالدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوچاقتىن ئىككى تال چوغ قويدى، ئادراسمان پاراسلاپ ئىسلىنىشقا باشلىدى، ئاندىن ئۇ قوينىڭ قۇيرۇق توغرامچىسىدىن ئېلىپ چوغنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. قۇيرۇق ياغ ۋاژىلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئۆينىڭ ئىچى ئادراسمان بىلەن كۆيگەن قۇيرۇق مېيىنىڭ خۇش پۇراق ئىسىغا توشتى.

ئايال ئىستىن ئېچىشقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە پۇرقىراپ ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتقان بەلكەتمەننى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ مۇدۇرۇپ — چوقۇرۇپ يۈگۈردى.

ئۆينىڭ تەڭ يېرىمىنى ئوتلۇق سۇپا ئىگىلىگەنىدى. سۇپىدا 11 — 12 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا قىپپىيالىڭاچ ھالدا يوتقاننىڭ ئۈستىدە تاشلىنىپ يېتىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، بالىنىڭ تېنىنى خۇددى خرۇستالدەك ئاپئاق ۋە تازا ئىدى. ئۇنىڭ قىزغۇچ قوڭۇر كەلگەن قويۇق، ئۆسكىلەڭ بۇجغۇر چاچلىرى ئىپەكتەك يۇمشاق ۋە پارقىراق ئىدى؛ ئۇنىڭ يىپتەك تارتىلغان ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن قوشۇلما قاشلىرى بۇژغۇرۇپ تۇرغان چېكە چاچلىرىنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەنىدى. قىڭراقىنىڭ بىسىدەك قىرلىق، تۈپتۈز، ئىنچىكە بۇرنى يان دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان نۇر بىلەن مەڭزىگە تىنىق سىزىقلىق سۇس كۆلەڭگە تاشلىغانىدى. بالىنىڭ كىچىككىنە، مىخىزدەك ئاغزى يېرىم ئوچۇق بولۇپ، قۇرغاق، نېپىز ۋە قىزىل لەۋلىرى ھېقىقەتتەك يالتىراپ تۇراتتى. بالىنىڭ پېشانىسىدە، سەلگىنە ئوچۇق كەلگەن سىلىق، يۇمران ئېڭىكىدە باللارغا خاس بىر ئۇلۇغۋار پاكلىق — سەبىيلىك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئانا خۇددى بۇلۇت ئۈستىدە ياتقان پەرىشتىدەك شۇ قەدەر گۈزەل، سۆيۈملۈك سىياقتا ياتقان ئوماق ئوغلىنىڭ ئالدىدا تىلسىزلىنىپ قېتىپ قالغانىدى. ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كەلدى ۋە كۆز ئالدىدا سۈرەتتەك ياتقان ئوغلىنىڭ پاك، غۇبارسىز تېنىنى سۆيۈپ قانمايۋاتقان تەشۋىشلىك كۆزلىرىنى بالىنىڭ تېنىدىن قاچۇرۇپ ياقىسىنى چىشلىدى، ئاندىن خۇددى كۆزىگە قادالغان نېمىدۇر بىر نەرسىنى يۇلغاندەك، ئوڭ قولىنى كۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ كۆزىنى «يۇلدى».

— كۆزۈم تەگمىسۇن ئىلاھىم، ئاللاھقا تاپشۇردۇم سېنى. پاختىنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلايدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئىلاھىم كۆز قارامنى يامانىنىڭ سۆزىدىن، مەلئۇنىنىڭ كۆزىدىن ساقلىغايسەن....

ئۇ بايىقى ھەرىكىتىنى يەنە تەكرارلىدى. ئانا شۇ تاپتا ئۆز ئىچىدە ئېتىلىپ چىقىپ سەلدەك تېشىۋاتقان قىزۋانچ ۋە ھەددىدىن زىيادە سۆيۈمىنىڭ بىر سىرلىق مەلئۇنى كۈچكە ئايلىنىپ بالىسىنىڭ جېنىنى شىكەستلەپ قويۇشىدىن قورقۇۋاتاتتى. شۇڭىمۇ بۇ ئانا ئۆز ئوغلىغا ئادەتتە بەكرەك تىكىلىپ قاراشتىنمۇ خەۋپسىرەيتتى. «كۆز تېگىدۇ» دېگىنى مۇشۇ ئىدى.

ئانا قولىدىكى ئىسلىنىپ تۇرغان بەلكەتمەننى بالىنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە ئۈچ مەرتەم ئۆردى.

ــ كۆزى يامانىنىڭ كۆزىنى توس، تىلى يامانىنىڭ تىلىنى كەس، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇردۇم. تۆت چاھارىيارغا تاپشۇردۇم. ئەۋلىيا ــ ئەنبىيا، مازايۇ ــ ماشايىقلارغا تاپشۇردۇم. ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، بالامنىڭ ئۆمرىنى تىلەيمەن، ئۇنىڭغا ئۆمۈر ئاتا قىلغىن، ئاتىلارنىڭ ئەز بولۇپ ئات مىنگىنىنى، ئۇزۇن يولنىڭ مەنزىلىنى، ئىغىر سەپەرنىڭ پايانىنى ئالغىنىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلغىن، مېنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزۇمنىڭ ئۇ دۇنيا ــ بۇ دۇنيا يېلىنجاپ ــ چاقناپ تۇرۇشىغا مەدەت قىلغىن ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر...

ئانا قولىدىكى بەلكەتمەننى بالىنىڭ باش تەرىپىگە قويۇپ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمغىنىچە، قوللىرىنى يېيىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ قىبلىگە قاراپ دۇئا قىلدى. ئاندىن بەلكەتمەننى كۆتۈرۈپ ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ئىسرىق سالدى. ئادراسمان كۆيۈپ بولاي دېگەندى. لېكىن ئايالنىڭ شۇ تاپتا ئادراسماننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھىدىنىمۇ ئىسراپ قىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭچە، ئەقىدە ئوتىدا كۆيگەن ئادراسماننىڭ ئىسى يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان نائېنىق بىر مۇدھىش بالا.. قازانى قوغلىيالايتتى.

ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىدۇر بىر نېمىنى، قانداقتۇر بىر قازايى ــ قەدەرنى سېزىۋاتاتتى. شۇ مىنۇتتا ئۇ ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى بەلگە بەرگەن ئاشۇ بالا ــ قازادىن، يۈزلىكىنى ئالاقزادە قىلىۋاتقان بىر قورقۇنچلۇق تۈيغۇدىن قۇتۇلماقچى بولاتتى. لېكىن ئۇ ئۈمىدسىز ئىدى. قۇتۇلغىلى بولسا، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولسا بالىسىنى كۆكرىكىگە تېڭىپ دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە قاچار ئىدى. ئايال ئاخىرقى ئايەتنى ئوقۇپ بالىسىنىڭ بېشىغا ھۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئادراسماننىڭ كۈلى قالغان بەلكەتمەننى كۆتۈرۈپ قورۇغا چىقتى.

چۈنچىباي خوتۇنىغا ئاچچىق ۋە تەشۋىش ئىچىدە ئالىيىپ قاراپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى.

ــ ئەجەب ئارا بولالمىدىلا مۇشۇ كاۋاپچىلىقتىن، دۇنيادا بۇنىڭدىن باشقا قىلىدىغان ئىش يوقتەك، ياكى كاۋاپچىلىق بىلەن ئەرشكە چىقىپ كەتمەيدىلە...، ــ دېدى ئايال قولىدىكى بەلكەتمەننى تونۇر بېشىغا قويۇپ سۈپىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ــ يەسلانىنىڭ مۈڭگۈزى بولامدۇ، يا بۆرىنىڭ ھوشۇقى بولامدۇ، قايسىسى بولمىسۇن بىرىنى تاپسىلا، ساقىمىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويايلى دېسەم زادىلا كۆڭۈللىمىدىلە...، ــ ئايال ھەسرەتلىك تىنىپ بايىقى گۈللەرگە پەرىشان قاراپ قويدى، ــ ئاتىلارنىڭ بارلىقى سىلىنىڭ ئۇخلاپ چۈشلىرىڭىزمۇ كىرمەيدۇ... ئاتىلا يادىلىرىدىن ئۆچتى... ئاتىلا بىزنىڭ قېنىمىز، بىزنىڭ جېنىمىز ئەمەسمۇ؟ ھېچ بولمىسا «ئاتىلا» دەپ قىچقارغاندا بوۋىلىرىمۇ يادىلىرىغا كەچمەمدۇ؟... بوۋىلىرىنىڭ ئىسمى قويۇلغان تەۋۋەررۈككۇ ئۇ...، ــ ئايال ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى.

ھەدەپ كاۋاپ ئۆتكۈزۈۋاتقان چۈنچىباي خوتۇنىغا «لەپپىدە» قاراپ قويغاندىن كېيىن زەردە بىلەن:

ــ توغرامچاك چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ، ھېچقانچە زىخقا يەتمىدى. بۇنداق توغرىغىلى تۇرساڭ دەسمىمۇ چىقمايدۇ، ــ دېدى. ئۇ ئاخىرقى زىخنى توشقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن قولىنى داستىخانغا سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئايال ئىۋرىقىنى ئېلىپ ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيدى.

ــ چۈشلۈك تاماقنى بالدۇرراق ماڭغۇز،

جۇمەدىن چىققىچە كاۋاپچىنى ئاتىللا سېتىپ تۇرمىسا بولمايدۇ ... — چۈنچىباي قولىنى يۇيۇپ بولۇپ لۆڭگىدە قولىنى سۈرتتى.

— بالا مەكتەپكە بارمامدۇ؟ — دېدى ئايال زەردە بىلەن.

— چۈنچىباي كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ كۆركەزدى:

— قارنىغا بىرنېمە تىقىشقا كېلىشىدىغاندۇ؟!

ئايال ئۈنچىقمىدى. لېكىن ئۇنىڭ ياشلانغان كۆزلىرى تەشۋىش، ئەلەم، غەزەپ ئىلكىدە چۈنچىبايغا ئوقتەك قادالغانىدى.

× ×

چۈنچىباي ئۆزىنىڭ تاپاۋىتىدىن زادىلا رازى بولۇپ باققان ئەمەس. باشقا چوڭىراق ئىشقا تۇتۇناي دېسە، ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوق ئىدى. ساقاللىنى كولگە مىلەپ ئوتتا سارغايتىپ ئولتۇرماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى. لېكىن نەگىلا قارىساڭ كاۋاپ بولۇپ كەتكەچكە، خېرىدارلار بارغانسېرى ھال تارتىپ، ئىزىقايدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بىر خېرىدارنى قوشنا كاۋاپدانىنىڭ ئالدىدىن تارتىۋالماق ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغانلىكى ياغلىمىلىقنى قىلىپ باقاتتى. كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ ئۇرۇنۇشى بىكارغا كېتەتتى. خېرىدارلار ئېيىشقىلىدۇ ئۇنىڭدىن ئەتەي قېچىۋاتقاندەك، ئۇنى تېخىمۇ بەتتەر كۆڭلىگە قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ تۇغرامچىسى باشقىلارنىڭكىدىن ئۇششاق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كالا گۆشى بولامدۇ، ئات گۆشى بولامدۇ، تۆگە گۆشى بولامدۇ ئىنىشقىلىپ ئۇچرىغانلىكى ئەرزان گۆش ئۇنىڭ ئىدى. قوي گۆشىنى كەمدىن كەم ئىشلىتەتتى...

ئۇ ئەتراپىدىكى كاۋاپچىلارغا ھەسەت قىلاتتى. ئۇلاردىن نەپرەتلىنەتتى. گاھىدا مۇشۇ بازاردىكى ھەممە كاۋاپچى بىر كېچىدىلا ياتقان يېرىدىن قوپالماس بولۇپ قالسا، شۇ ئاسمىنى كەڭ بازاردا بىر ئۆزۈم دەۋران سۈرسەم دەپ خىيال قىلاتتى. ئۇ چاغدا خېرىددارلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ غەلمىگە قاراپ ئاقاتتى، كىشىلەر ئۇنى كەمسىتىشىپ «چۈنچىۋاي» دەپ ئەمەس، ئەكسىچە قوۋۇزلىرىنى تولدۇرۇپ «چۈنچىباي» دەپ چاقىرىشىدىغان بولاتتى. گاھىدا ئۇ، پۇل دېگەن نەرسىنىڭ شۇ دۇنياغا بەكمۇ ئاز يارالغىنىغا ھەيران بولاتتى. قارىساڭ قەغەز، ئۇنىڭ كۆزىگە جىنىدەك كۆرۈنىدىغان ئالىمقانداق كىتاب-دەپتەر، گېزىت-ژۇرنىت دېگەندەك ئەرزىمەس نەرسىلەر ياسىلىدىغان قەغەزدىن سەللا پەرقلىنىدىغان قەغەز ئىكەنۇ، لېكىن ئۇسساپ كەتكەندە بىر پىيالە سىنەچايغا دال بولالمايدىغان ئاشۇ پاخپاق كىتاب-دەپتەرلەردەك ھەممىلا يەردە دەسسىلىپ-چېچىلىپ يۈرمەيدىكەن. پۇل دېگەن جىققىدە بولسا ئاندىن پۇل دېمەمدۇ، مەسىلەن، دەرەخنىڭ غازىڭىدەك، تاشلىنىۋەتكەن بەسەينىڭ قۇلاقلىرىدەك، يا بولمىسا مايسەكىنىڭ ھويلىغا تەرگەن گۆلىنىڭ ياپراقلىرىدەك، ۋە ياكى ساسلىقتىكى، ئېشەكتىن باشقا نەرسە يېمەيددىغان خوخا-قۇمۇشتەك... كېرەك بولغاندا سۇپۇرۇپ-سۇپۇرۇپ يىغىۋالسا! ئاچ ئادەم پولو چۈشىگەندەك چۈنچىباي دائىملا پۇل چۈشەيتتى. دەستە-دەستە، قۇچاق-قۇچاق، تاغار-تاغار، هارۋا-هارۋا، پاتمان-پاتمان پۇلنىڭ ئۈستىدە دومىلاپ-ئېغىناپ يۈرۈپ چۈشەيتتى. ئەتىسى ئويغىنىپ ئۆزىنى خۇددى ئاسماندىن يىقىلغاندەك سېزەتتى... شۇ چاغدا خۇدايىمدىن «ئىككىنچىلەپ مۇنداق چۈشنى كۆرسەتمىسەڭ» دەپ تىلىنگۈسى كېلەتتى. لېكىن ئەتىسى- ئاخشىمى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يەنە بالىيىقى چۈشى بىر خىلدا تەكرارلىناتتى.

چۈنچىبايىنىڭ بازاردىكى ئەھۋالى بۈگۈنمۇ ئوخشاشلا ئۈنچىلىك خەيرلىك بولمىدى. چۈشكىچە 50 -60 زىخ كاۋاپنى ئاران ساتتى. ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى ئىسسىپ كەتكەنىدى. سودىسى ئاقماي يۈرىكى سىقىلىپ ئولتۇرغان چۈنچىباي كاۋاپدانىنىڭ تەپتى ۋە غولىنى كۆيدۈرۈۋاتقان تومۇز ئاپتىپىنىڭ ھارارىتىدىن كاكىكۆكتەك ئاغزىنى ئېچىپ قالدى. ئۇنىڭ تاماقلىرى قۇرۇپ، كۆزى تورلىشىپ بېشى ئايلىناتتى. شۇڭا خېرىدار چاقىرىشقىمۇ رەغدى بارمايتتى. ئۇ، خام كاۋاپقا ئولىشىۋالغان چىۋىنلەرنى ھورۇنلۇق بىلەن قوغلاپ قوياتتى. ئۇنى ئەمدىلىكتە ئۈگدەك باسقىلى تۇردى. ئۇ، ئېگىكىنى كۆكسىگە تىرەپ بىردەم ئۈگدىگەندەك قىلدى- يۇ، يەنە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ، كۆزىنى يىرتىپ ئېچىپ ئەتراپىدىكى كاۋاپدانلارغا ئولىشىۋالغان ئادەملەرگە نەپرەت بىلەن قاراپ قويۇپ ئۈمىدسىزگىنە ئېگراپ قويدى:

— بەررى كاۋاپ... ياغيەيسەن ئوغاۋاللا...

تەشنالىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن ئۇنىڭ ئۈنى پۈتۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ خېرىدار چاقىرغان چاغدىكى ئاۋازى خۇددى قىچقىرىشقا ئۈگەنمىگەن چۈجىكىنىڭ چىللىشىغا ئوخشاش زەئىپ، ئۈزۈك، قۇرغاق ۋە جاراڭسىز ئىدى.

ئۇ، ئوتتا تولا بېپىسىلىۋېرىپ سۈيى قالمىغاي قورۇلۇپ بوزارغان كۆرۈمسىز بىر دەستە كاۋاپقا گويا سېتىلماسلىقتا ئاشۇ كاۋاپلار گۇناھكاردەك ئۆچلۈكى بىلەن ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— بەررى كاۋاپ ...

بىر چاغدا بازارنىڭ بېشىدا ئاتىلا كۆرۈندى. ئۇنىڭ قولىدا ئاش كورىسى بار ئىدى. ئۇ، ئۇششاق قەدەم بىلەن ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى. چۈنچىباي بالىسىنى كۆرۈپلا ھېچ تاپاۋەتسىز ئۆتۈپ كەتكەن كۈنىنىڭ يېرىمىنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىۋەتتى ۋە ئوتتىكى كاۋاپنى ئېلىۋېتىپ بالىسىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ قورسىقى ئالىلىقاچان ئېچىپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇ ئالدىدىكى كاۋاپتىن بىرەر زىخ يېيىشكە قىيماي لېۋىنى يالاپ ئولتۇرغانىدى.

ئاتىلا ھاسىراپ - ھۆمىدەپ يېتىپ كەلدى. قورسىقى كورىراپ، نەپىسى تاقىلداپ تۇرغان چۈنچىباي بالىنىڭ قولىدىكى ئاش كورىسىنى ئالدى - دە، تام تەرەپكە قاراپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماقلىنىشقا باشلىدى.

— دادا، مەن مەكتەپكە ماڭدىم، — دېدى بالا كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرىنى سۈرتكەچ ئارقىسىغا بۇرۇلۇشقا تەمشىلىپ. ئاتىلا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلگەچكە تىنىقى-تىنىقىغا ئۇلاشمايتتى.

— نېمە دېدىڭ؟ نەگە بارىسەن؟— چۈنچىباي ئاغزىدىكى لوقمىنى چالا يۇتۇپ دەررۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى، — مەن نامازپېشىننى ئوقۇۋالغىچە كاۋاپدانغا قاراپ تۇرغىن...

ئاتىلا ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ دائىم خىيالچان كۆرۈنىدىغان چىرايلىق كۆكۈچ كۆزلىرىدە دادىسىغا قارشى بىر كۈچلۈك ئىستەكنىڭ ئۇچقۇنى يېنىپ كەتتى. بالا لېۋىنى مەھكەم چىشلىگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— مەيەرگە ئۆتە، ئېزىپ قالغان ئەرۋاھتەك چەكچىيىپ تۇرماي،— چۈنچىباي ئاخىرقى لوقمىنى تەسلىكتە يۇتۇپ ئاتىلاغا ھۆرپەيدى، — مانا ماۋۇ كاۋاپلار چالا پىشقان، خېرىدار كەلسە «ۋاژژىدە» ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بەرسەڭ بولىدۇ. بەك قاقلىۋەتمە، قورۇلۇپ كىچىكلەپ كېتىدۇ،— ئاندىن ئۇ ئاغزى-

بۇرنىنى سۇرتۇپ قىسقىلا دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى، — ھوشيار تۇرۇپ، پۇلنى ساق ئال، قورساق توق بولغاندىكىن كاۋاپنىڭ يېمىسەڭمۇ بولىدۇ...

چۇنچىباي ماسچىتكە قاراپ ماڭدى. ئاتىلىلا بويىنىنى باغلىغاندەك زوردىغا كاۋاپدان تەرەپكە ئۆتتى ۋە بويىنىدىكى پوپكىسىنى ئېلىۋېتىپ كاۋاپداننىڭ چوغىنى چۇخچىلاپ قويدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى سېلىنىپ قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن، تۇماق كالپۇكلىرى دومسىيىپ كەتكەنىدى. بالا، بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا گويا ئىت قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ قويۇپ پالاقلاپ كېتىپ بارغان دادىسىغا مەيۈسلىنە قاراپ قالدى.

. . . ئاتىلا تۇغۇلۇشىدىلا باشقىچىرەك تۇغۇلدى — ئۇ باشقا بوۋاقلاردەك ۋارقىراپ-ئېڭەلەپ تۇغۇلمىدى. ئۇنىڭ ئۇنچىقماي، كۆزىنى مەھكەم يۇمغىنىچە ياتقىنىنى كۆرگەن ئانا ئۇنى «تۇنجۇقۇپ قالدىمىكىن» دەپ قورقۇپ كەتتى. لېكىن بوۋاقنىڭ سۈتتەك ئاق بېلەكلىرى بىردىنلا ئالدىغا سوزۇلدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى بوۋاقلارنىڭكىدەك يۇمۇق بولماي ئەكسىچە، گويا بوشلۇقتىكى قانداقتۇر بىر نەرسىنى قاماللاپ تۇتۇپ ئالماقچى بولغاندەك ئوچۇق ئىدى. ئۇ، كۆزىنى يۇمغىنىچە قوللىرى بىلەن نېمىنىدۇر ئىزدەيتتى، نېمىنىدۇر تىمىسقىلايتتى، نېمىگىدۇر تەلپۈنەتتى؛ بوۋاق بىردىنلا بۇدرۇقىنە بارماقلىرى بىلەن يۆگەكنىڭ قىرغىقىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ تېخى بايىلا ئاشۇ يۆگەككە سىرغىپ چۈشكەنىدى. يۆگەك قانلىق ئىدى، چىپ-چىپ ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. بوۋاقنىڭ قوللىرىنىڭ بېزەپ بولۇشىدىن ئەنسىرىگەن چۇنچىباي بالىنىڭ بارماقلىرىنى يۆگەكتىن ئاجراتماقچى بولۇۋېدى، بوۋاق يۆگەكنى زادىلا قويۇپ بەرمىدى. گويا دادىسى بىلەن قىرىشقاندەك تېخىمۇ مەھكەمرەك قامالىۋالدى. بوۋاقنىڭ قولى قان ۋە ھۆللۈكتىن ئېپلاسلاندى. ئانا بوۋىقىنى باغرىغا بېسىپ بوۋىقىغا يېڭى بوشانغان ھايۋاندەك سۆگاندى، ئۇنى يۇردى، ھىدلىدى.

بوۋاقنىڭ تېنى كۆك مۇز ئۈستىگە تۇنجى ياققان قاردەك ئاق ۋە سۈزۈك ئىدى. ئاقلىقىدىن بوۋاقنىڭ تېنىدىن گويا قۇياش ئاستىدىكى ئاق مۇزنىڭ چاقنىشىغا ئوخشايدىغان بىر نۇر تاراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، سۈزۈكلۈكىدىن، پاكىزە قاتقان مۇزنىڭ تەكتىدىكى زىلال سۇ كۆرۈنگەندەك، بوۋاقنىڭ تېنىدىكى قىلدەك تومۇرىدا سىرغىپ ئېقىۋاتقان قىپقىزىل قان قىزغۇچ جۇلا چاچاتتى. بوۋاقنىڭ پۇت - قوللىرى تولپىتوز ۋە ئۇزۇن ئىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ گويا سۈزۈك قاشتېشىدىن نەپىس ئىشلەنگەن بىر نادىر ئەسەردەك كۆرۈنمەلىك ئىدى... ئانىنىڭ جىسمىدا يېنىپ - يېلىنجاۋاتقان، تەۋەللۇت قىلغان ئانىدا ئەڭ دەسلەپ زاھىر بولىدىغان ئانىلارچە بەختىيارلىق، ئىپتىخارلىق، مەغرۇرلۇق ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇسى لاۋا بولۇپ بوۋاقنىڭ يۇمران ئېتىنى كۆيدۈردى؛ بوۋاق ئۇشتۇمتۇت «لاپپىدە» كۆزىنى ئاچتى. شۇ چاغدا ئانىنىڭ تۇنجى كۆرگىنى بوۋاقنىڭ ئاشۇ كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆكۈچ چىرايلىق كۆزلىرىدىكى خىيال، مۇڭ ۋە تەلپۈنۈشنىڭ چېقىندىسى بولدى... ئانا تىترەپ كەتتى، ئەزايى بەدىنى شۈركىنىشتىن مۇزلىدى. ئانا بوۋاقنىڭ كۆزلىرىگە ساراسىمە ئىچىدە تىكىلىپ قارىدى. بوۋاقنىڭ كۆزلىرىدىكى ئاشۇ كۆكۈچ يالقۇنىنىڭ ئارقىسىدا بىر تۇمانلىق كۆكۈچ

چوڭقۇرلۇق، بىر قارىسىلا كۆزگە تاشلىنىدىغان لېكىن قانچە قارىسىمۇ تېگىگە كۆز يەتمەيدىغان بىر غۇۋا، سىرلىق تەگسىز كۆكلۈچ ھاك بار ئىدى. بوۋاقنىڭ كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان كۆپكۆك نۇر ئاشۇ كۆكلۈچ تۇمانلىق چوڭقۇرلۇقتىن ئاقمىۋاتاتتى. ئاقمىۋاتقىنى كۆك نۇر شەكلىدىكى بىر چوڭقۇر مۇڭ، بىر چالغىتقۇچى ئېزىتقۇ سېھىر، بىر قورقۇنچلۇق كۈچ ئىدى...

ئانىنى مۇزدەك تەر باستى...

تاڭ سەھەر، يەر ئۈستىدە كۆك تاغنىڭ كۆكلۈچ تۇمانى لەيلەپ يۈرىدۇ. مىڭلىغان — ئونمىڭلىغان ئادەملەر جايىناماز ئۈستىدە قىبلىگە قاراپ تىزلانغان. ئۇلارنىڭ كۆڭلى تېپتىنچ، ھۆل ۋە مۇزدەك. ئاشۇ تېپتىنچ كۆڭۈللىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن پەللىسىدىن بىر تۇيغۇ، بىر سېزىم ئاستا — ئاستا لەيلەپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەكتە. ئۇ، مۇشۇ ئادەملەر ئىبادەت سائىتىدە ئېرىشكەن خاتىرجەملىك، رايىشلىق، بەختىيارلىق، قانائەت، ئالىيجانابلىقتا تۆلەنگەن بەدەل — گۇناھكارلىق ۋە كۇپۇرلۇقنىڭ ئاللا - تۆۋىسى، ئۆز روھىغا ھۆكۈمران بولىۋاتقان بىر مۇقەددەس كۈچ ئالدىدىكى ئاجىزلىق ئىدى...

ئانا ئۇ ئادەملەرنىڭ باش قويۇۋاتقان جايناماز لىرىغا بىر - بىرلەپ سەپىلەندى. ئۇ جايناماز لار تولىمۇ مەينەت ۋە بۇلغانغانىدى. ئانىنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، پۇت - قولىدىن ماغدۇر قېچىپ، تۇرغان ئورنىدا تىزلىنىپ قالدى، بىر ھازادىن كېيىن ئانا تەڭشىپ - ئىرغىشىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئادەملەر توپىدىن ئايرىلىپ بىر قەلئە خارابىسىغا ماڭدى. بۇ خارابە كۆرۈنۈشى بەئەينى قارلىغاچقا ئوخشايدىغان كىچىككىنە بىر تاغ ئۈستىدە ئىدى. تاغنىڭ باغرى بولۇپ - باراقسان باغ ئىدى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈزۈك كۆل، كۆلنىڭ ئەتراپلىرىدا چەشمە بۇلاقلار ئۇرغۇپ - ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئانا ئاخىرى ئاشۇ تاغقا يامىشىپ خارابىلىق ئارىسىغا كىردى. بۇ خارابىلىق ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسى ياشاپ ئۆتكەن قەدىمكى جاي ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى مۇشۇ يەرگە كۆمۈلگەن. ئانا مۇشۇ يەردە ئىبادەت قىلماقچى بولدى. بۇ خارابىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدان ھېلىلا سىپىرىپ - سۈپۈرۈپ قويغاندەك تازا ئىدى. ئۇ يەردە پاكىزە ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ياشناپ تۇراتتى. ئانا ئاشۇ خارابىنىڭ تۆپىسىدە تەيەممۇم قىلىپ نامازغا تىز چۆكتى. خارابىنىڭ ئىسسىق ۋە تازا تۇپىسى ئۇنىڭغا ماغدۇر بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ھامىلدار بولغانلىقى بايقالدى. ئۇ، ئۆزىنى ئاسماندەك ئۇلۇغ سەزدى. ئۇنى «توغماس» دېيىشكەنىدى، ئاخىرى...

— مە، ماۋۇنى ئىچىۋال، كاۋاپقا ئالغان گۆشنىڭ ئۈستىخىنىنى شورپا قىلدىم، ... — چوڭچىباي ئۇنىڭغا بىر چىنە شورپا بەردى. ئۇنىڭ شورپىنى ئىچكۈسى يوق ئىدى. چوڭچىباي زەردە بىلەن ئالايدى. ئاخىرى ئۇنى ئىچتى. نېمە ئۈچۈنكىن ئاشۇ شورپا ئۇنىڭ پۈتكۈل خاتىرىسىنى، ئوي - تەپەككۇرىنى، سېزىم - تۇيغۇسىنى چالغىتىۋەتتى، ھەممىنى ئۆزگەرتىۋەتتى ... ھەممىنى ئۇنتۇغۇزدى...

بۇ چاغدا بوۋاق ئانىسىغا كۆكلۈچ كۆزلىرىنى تىككىنىچە مۆلدۈرلەپ قاراپ ياتاتتى. ئانا بوۋىقىنى باغرىغا باستى. يەتتە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭغا «ئاتىللا» دەپ ئات قويۇشتى. مەزىن بوۋاقنى كىگىزگە يۆگەپ «ئاتىللا!» دەپ چاقىرىپ ئۇنى سۈپىدا دۈمىلىتىۋاتقان تەنتەنىلىك مىنۇتتا ئانىنىڭ باش بويى ئوتتەك قىزىپ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. مەزىننىڭ

ئاۋازى ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ ئانا «ئاتىللا» دېگەن بىر سادىنىڭ ھېلىقى قەلئە خارابىسى ئۈستىدە ياڭراپ، يەنە ئۇ يەردىن كۆچلەنگەن بىر سادا بولۇپ ئۆزىنىڭ يۈرىكىدە جاراڭلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. «ئاتىللا» دېگەن بۇ ئاۋاز شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئانىنىڭ يۈرىكىدە ياڭراپ تۇرىدىغان بولدى ... ئانا يېرىم كېچىدە تاتلىق ئۇيقۇسىدىن ئۇشتۇمتۇت ئويغىناتتى - دە، ئۆزىنىڭ يۈرىكىدە ياڭراۋاتقان ھېلىقى ساداغا بىر ھازا قۇلاق سالاتتى. ئاندىن تاڭ يورا - يورىماستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ ئاتىللانىڭ ھەققىگە نامازغا ئولتۇراتتى... ئاتىللا بەكمۇ تېز ئۆسۈشكە باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ مىجەزى غەلىتە ئىدى. ئۇ، چوڭ بولغانسېرى ئانا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ھېلىقى مۇڭلۇق كۆلەڭگىلەرنىڭ تېخىمۇ قويۇقلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. بالا كەمسۆز ئىدى. ئۇنىڭ قىلىدىغان بىردىنبىر ئەرمىكى قورۇدىكى تاش - داڭگاللارنى يىغىپ، ئۇنىڭدىن ھەرخىل شەكىللەرنى تىزىش ئىدى. ئۇ شەكىللەر گاھ ئىمارەتكە، گاھ ئېگىز چوققىغا، گاھ ماشىنىغا ئوخشاپ قالاتتى، لېكىن ئاتىللا شۇ كەمگىچە تاغ، ئېگىز ئىمارەت ۋە ماشىنا دېگەنلەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. چۈنكى ئۇ بۇ ئىشنى تېخى ئەمدىلا ئۆمىلىگىدەك بولغاندىلا باشلىۋەتكەنىدى. ئانا بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. كېيىن ئۇنى مەكتەپكە بەردى. بالا ھېلىقى تاش - داڭگاللاردىن تېخى ئۆزى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن يېڭى - يېڭى شەكىللەرنى تىزىدىغان ئادىتىنى تاشلىمىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ كاللىسىدا تېخىمۇ غەلىتىرەك نەرسىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى - ئۇ ئاياغ بىلەن يەرگە ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەرنىڭ شەكىللىرىنى سىزىدىغان بولدى. بۇ شەكىللەر - قۇياشقا، ئايغا، يۇلتۇزغا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ ئاستىغا كىچىككىرەك بىر شارچە سىزىلغان بولۇپ، مۇشۇ شارچىدىن تارتىلغان سىزىقلار ئاشۇ قۇياشقا، ئايغا، يۇلتۇزغا تۇتاشقانىدى. ئۇ سىزىقنىڭ ھېلىقى شارچىدىن باشلانغان ئۇچىغا بىر ئادەم شەكلى چۈشۈرۈلگەنىدى. بۇ ئادەم توغرىراقى - بىر كىچىك بالا - بىر ئايىغىنى قايسىبىر يۇلتۇزغا تارتىلغان سىزىقچىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئاشۇ ئېگىزلىككە تەلپۈنۈپ تۇرغاندەك، ئۇ بالا ئاشۇ يۈكسەكلىككە قاراپ ھازىرلا يۈگۈرۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. خۇددى دارۋاز بالا دارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدىن دار مومىسىنىڭ چوققىسىغا قاراپ تۇنجى قەدىمىنى بېسىۋاتقاندەك. بولا ئەمەس، بالا مەكتەپتىن قايتىپ كەچلىك تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن قوشنا قورۇنىڭ پۇچۇق تېمىغا مىنىپ ئولتۇرۇپ قۇياشنىڭ پېتىشىغا قاراپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئىنتاس ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ، پېتىۋاتقان قۇياشتىن كۆزىنى زادىلا ئۈزمەيتتى. لاۋۇلداۋاتقان ئاشۇ ئوت چەمبىرىكىنىڭ ئىچىدە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالىمقانداق بىر نەرسىنى كۆرۈپ ئولتۇرغاندەك، ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيانى تامام ئۇنتۇيتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇياشقا تىكىلگەن كۆزلىرى ئىككى تال چوغدەك ئۇچقۇندايتتى. ئۇنىڭ سوزۇك ۋە ئاق چېھرىدە قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى جۇلالانغاندا ئۇنىڭ يۈزى گويا ھېلىلا ئوتتىن ئالغان مېتال پارچىسىدەك لاۋۇلداپ يېنىپ كېتەتتى. ئۇ، شۇ ئولتۇرغىنىچە قۇياش ئولتۇرۇپ يەرجاھان كۆكۈم قوينىغا چۆككىچە قىمىر قىلمايتتى. ئانا ئۇنى تامدىن تەستە چۈشۈرۈۋېلىپ قورۇغا ئەكىرىپ كېتەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۈزۈن ئۆتمەي ئانا ئوغلىنى قورۇنىڭ قاشاسىدا تايانغىنىچە كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا تىكىلىپ قىمىر قىلماي قېتىپ تۇرغان ھالدا كۆرەتتى. ئانا تەشۋىشلەنگەنلىكىدىن ھەسرەتلىك ئۇھ تارتاتتى. ئانا ئەتىسى ئۇنىڭ گۈزەل كۆزلىرىدىكى ئۆز يېشىغا خاس بولمىغان مۇڭ ۋە خىيالنى تېخىمۇ ئاشكارا، تېخىمۇ روشەن بايقايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئانا ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆزىمۇ چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان بىر خىل قورقۇنچ ۋە ئازاپ ئىچىدە پۇچۇلىنىپ يۈرەتتى.

ئابتىللا نېمىشقىدۇر دادىسىدىن قورۇناتتى، ئۇنىڭدىن قاچاتتى. ئانىسىغا قىلغاندەك ئۇنىڭغا ئەركىلىمەيتتى، ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلمايتتى. دەسلەپتە ئانا بۇنى چۈنچىباينىڭ توڭلۇقى، بالىغا ئاتا مېھرىنى كۆرسەتمەسلىكىدىن دەپ چۈشەندى. لېكىن كېيىن ئانا ئابتىللانىڭ دادىسىدىن نېمە سەۋەبتىن مۇنچە ھېيىقىدىغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىپ قالدى.

چۈنچىباي ئەتىگەن چىقىپ كېتىپ، كەچ قايتاتتى. ئۇ كاۋاپتىن ۋە پۇلدىن باشقىسىنى كەمدىن-كەم ئويلايتتى. مەھەللىدىكى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم نەزىر لىرىگە زادىلا بارمايتتى، ھېچكىم بىلەن راپاۋەتچىلىك قىلىشمايتتى. مەھەللىدىن كىملەر كېتىپ، كىملەر كېلىدۇ، كىملەرنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر چۈشتى، مەھەللىنىڭ كوچىسىنى سۇ باسامدۇ، كىملەرنىڭ ئۆي باغ - ۋارىنىغا ئوت كېتەمدۇ، كىم - كىملەر بىلەن قۇدىلاشتى ... كىملەر ئۆلۈپ، كىملەر قالدى ... بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى چۈنچىباينى قىزىقتۇرمايتتى. ئۆز ئۆيىدە بولسا ئايالى بىلەن بالىسى ئۇنىڭ نەزەرىدە خامان تەپكەندە مومىنى ئايلىنىپ چۆرگىلەيدىغان سېيىر بىلەن موزاي ئىدى. ئۇلار چۆرگىلىسىلا بولاتتى، مومىنى - چۈنچىبايدىن ئېشىپ قالغان مۈشۈك... (ئايلانىپ) ...بولاتتى ...

ئانا توي قىلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزىنى ئاشۇ مومىغا باغلانغان سېيىر دەپ چۈشىنىپ كەلدى. ئۇ، بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاشتىنمۇ قورقاتتى. لېكىن ئابتىللا... ئابتىللا نېمىشقىدۇر مۇشۇ مومىدىن قاچاتتى. ئۇنى ئايلىنىپ چۆرگىلەۋېرىشكە رازى ئەمەستەك ئىدى. ئۇ گويا يۇلقۇناتتى، تېپىرلايتتى، تىترەيتتى، ئۇنىڭسىز چۇقان سالاتتى...

... چۈنچىباي ھەر كۈنى كەچتە كاۋاپدانىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، سۈپىغا غەللىسىنى تۆكۈپ بىر كۈنلۈك تاپاۋىتىنى ھېساب - كىتاب قىلىشقا باشلايتتى. بۇ چاغدا چۈنچىباي ئايالىنىمۇ ياردەمگە چاقىراتتى. مايسىخان خام ياغ پۇراپ تۇرىدىغان تىيىن - يارماقلارنى بىر تالدىن تېرىشتۇرۇپ سەپلەپ چۈنچىبايغا بېرەتتى، سانىشنى چۈنچىباي ئۆزى سانايتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئانا ئابتىللانىڭ دادىسى غەللىسىنى تۆككەن ھامان قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىۋېلىپ دادىسىغا بىرخىل يات، يوچۇن نەزەردە ھەيران بولغاندەك قاراپ شۈكلەپ ئولتۇرۇۋالىدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى. بىر كۈنى مايسىخان پۇل سەپلەپ ئولتۇرۇپ ئابتىللانىڭ سۈپىغا تۆكۈلگەن پۇللارغا چەكچەيگىنىچە لاغىلداپ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بالىنىڭ كۆزىدە بىر يېرى قاتتىق ئاغرىغان تىلسىز ھايۋاننىڭ كۆزىدە بولىدىغان بىچارىلىق، ئېگىز چوققىدىن زامەلۇم چوڭقۇرلۇققا غۇلاپ چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ كۆزىدە بولىدىغان قورقۇنچ،

سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆزىدە بولىدىغان ئۈمىدسىزلىك، ئەڭ يېقىن ئادەمىنىڭ ئۆلۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرغان ئادەمنىڭ كۆزىدە بولىدىغان ئازاب، ئۆزىنىڭ قارىتىپ بەتلەنگەن دەلىتقىنى كۆرۈپ قالغان قۇشنىڭ چۆچۈش ۋە يەنە ئانا شۇنچە ئويلاپ تېگىگە يېتىپ بولالمايدىغان ئالمقانداق-ئالمقانداق نەرسىلەر ئەلەڭگىمىتتى. ئانا قولىدىكى كىرلىشىپ-پۇرلىشىپ بوزارغان مەيدە پۇللارنى تاشلاپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ بالىسىنى باغرىغا بېسىپ ئۇنىڭ باش-كۆزلىرىنى سىلىدى. بالا ئىچ-ئىچىدىن تىترەيتتى. ئۇنىڭ باش - بەدىنى ئوتتەك قىزىغانىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ پۇل ۋە دادىسىغا قادالغان كۆزى دۈشمەنلىك ئىچىدە ۋەھىمىلىك پارقىرايتتى. نېپىز لەۋلىرى قانسىزلانغانىدى. قورقۇپ كەتكەن ئانا ئاتىللانى ياتقۇزۇپ چۈمكەپ قويدى. پەقەت شۇ چاغدىلا ئانا ئاتىللانىڭ نېمىشقىدۇر پەقەت پۇلنى كۆرگەن ھامانلا مۇشۇنداق ئۈمسە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى. بۇنداق ئىش چۈنچىباي كاۋاپچىلىق قىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغانىدى. دېمىسىمۇ بالا پۇلنىڭ كەينى چىققان يەردە تۇرمايتتى. پۇل دېگەننىمۇ ئېغىزغا ئالمايتتى، دادىسى «خەجلىگىن» دەپ بەرگەن ھېيتلىقتا (چۈنچىباي پەقەت ھېيتتىلا بېرەتتى) قاراپمۇ قويمايتتى... ئانا بالىدىكى بۇ غەلىتىلىكنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. چۈشىنەلمىسىلا مەيلىدىغۇ، بۇ ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى ئەمەس ئىدى. ئانا قورقۇپ قالدى. ئۇنىڭ بېشىغا نەدىكى خىياللار كىرىۋالىدىغان بولدى.

— سەڭگا سالدىلىمۇ ھوي؟ — دېدى بىر كۈنى مايسىخان كاۋاپ ئۆتكۈزۈپ ئولتۇرۇپ چۈنچىبايغا. — ئاتىللا پۇلنى كۆرسىلا بىر قىسىما بولىدىغان بولۇپ قالدىيا؟

— سارالڭ بولغان ئوخشايدۇ...

— ئاغزىڭلارغا تاش - تۇپراق!...

چۈنچىبايىنىڭ گېپى مايسىخاننى تېخىمۇ قورقۇتۇۋەتتى. ئانا ئوغلىغا شامال دارىپ قالغىنىغا ئىشەنىدى-دە، شۇ كۈنىلا يەتتە كوچىدىن يول چاۋدىرى تېرىپ ئاتىللانى ئوتلىدى. ئۈچ پاختا بىلەن بالىغا ئۆي سالدى. زۇۋال ۋاقتىدا ئاتىللانىڭ چاپىنىنى كوچىدا سۆدۈرەپ ئۇنىڭ روھىنى قىچقاردى... ئويغۇر باخشىغا دېمىدە قىلدۇردى. تۈڭگان، خەنزۇ، موڭغۇل پېرىخونلىرىغا ئوقۇتتى... لېكىن بالىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. پەقەت ئۇنىڭ يەرنى جىجاپ يولغا ئوخشاش سىزىقلار بىلەن بىر - بىرىگە باغلانغان يەر، قۇياش، ئاي ھەم يەردىن قۇياش، ئاي، يۇلتۇزغا قاراپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئادەمنى سىزىدىغان، تىنىمسىز رەۋىشتە داڭگال - تاشتىن ئالمقانداق ئېگىز بىنالارنى ياسايدىغان، يەنە بۇزۇۋىدىغان، كەچلىرى بولسا پۈچۈق تامغا چىقىۋېلىپ، كىتابىنى تىزىغا قويۇۋېلىپ پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا، ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇت ھەم ئايغا، جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا تېتىنچ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان ئادىتى زادىلا ئۆزگەرمىدى.

— كاۋاپتىن 10 نى باسقىنا...

ئاتىللا چۆچۈپ كەتتى.

— ماڭا 15 نى...

— ماڭا 20 نى...

ئاتىللا تەمتىرەپ قالدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ كاۋاپدېنى ئالدىغا بىر مۇنچە خېرىدار ئولاشقانىدى. ئورۇندۇق يېتىشمىگىنى ئۈچۈن يېڭى كەلگەنلەر ئۆرە تۇرۇشقا

مەجبۇر بولدى. ئۇ كاۋاپنى قانداق پىشۇرۇشنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ باياتىن كاۋاپدانىنىڭ ئالدىغا كېلىشى بىلەن تەڭلا ئۇنى بىر نامەلۇم قورقۇنچ ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانىدى.

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن بالا ...، — دېدى دەسلەپتە كەلگەن خېرىدار ئاچچىقى بىلەن.

ئاتىللا كاۋاپدانىنى تاشلاپ دەررۇ قېچىپ كېتىشنى ئويلىدى.

— قېنى بولغىن ئۇستا ...

ئۇ قېچىپ كېتەلمەيتتى. ئۇنى ئونلىغان خېرىدار ئورىۋالغانىدى. ئاتىللا كاۋاپدانىنىڭ چېتىگە بىسقىلىق كاۋاپلارنى چوغقا تىزدى. چالا - بۇلا دورا - دەرمان سەپتى. خېرىدارلار چالا پىشقان كاۋاپقا يېپىشتى. ئاتىللا كۆزىنى چەكچەيتىپ خېرىدارلارغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— مانا پۇل ...

— پۇلۇڭنى ئاله ...

ئاتىللانى قورقۇنچ باستى. ئۇ، خېرىدارنىڭ قولىدىكى پۇلدىن كۆزىنى ئېپقېچىپ كاۋاپدانىدىكى يېلىنجاپ تۇرغان چوغقا قاراۋالدى.

— پۇلۇڭنى ئالامسەن بالا ...

ئاتىللا ئىڭرىغاندەك غىڭشىدى:

— ئەنە ئاۋۇ غەلىگە تاشلاڭ ...

— يەنە 10 نى باسقىن ...

— ماڭا 15 نى بېسىپ بەر ...

خېرىدارلار تۈشمۇ-تۈشتىن يىغىلماقتىدى. ئاتىللانىڭ دېمى قىسىلىپ يۈرىكى سېلىپ كەتتى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي گاھ كاۋاپدانىنى ئورىۋالغان سانجاق - سانجاق ئادەملەرگە، گاھ كاۋاپدانىدىكى چوغقا ئالاڭلاپ قارايتتى. كاۋاپدانىنىڭ چېتىگە بېسىپ قويۇلغان كاۋاپلار ھەش-پەش دېگۈچە تۈگەپ كەتتى. لېكىن خېرىدارلار ئازلايدىغاندەك ئەمەس. ئاتىللا ئاخىرى تەڭلىدىكى ئوتتۇز كۆلۈك كاۋاپلارنى كاۋاپدانغا بېسىۋەردى. ئۇدۇللۇق پىشقىنىنى ئۇدۇللۇق تۈگەيتتى. خېرىدارلار كاۋاپنى يەپ بولۇپ پۇلىنى غەلىگە تاشلاپ مېڭىشاتتى. ئورنىغا شۇ ھامان بىر نەچچە خېرىدار پەيدا بولاتتى.

— 10 نى ...

— 20 نى ...

— 30 نى ...

ئاخىرى تەڭلىدىكى كاۋاپلارمۇ تۈگىدى: بىر نەچچە خېرىدار كاۋاپ يېتىمىگىنى ئۈچۈن غۇدۇڭشۇپ كېتىپ قېلىشتى ...

چۈنچەباي نامىزنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەن چاغدا كاۋاپدانىدا بىر تالمۇ كاۋاپ قالمىغانىدى. ئاتىللا كاۋاپدانىنىڭ ئارقىسىدىكى بۇلۇڭدا يەرگە قادالغىنىچە موڭگۈيۈپ ئولتۇراتتى. چۈنچەباي ئۇدۇل كەلگىنىچە تەڭلىگە كۆز تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— كاۋاپلار قېنى؟ ئىتقا يېگۈزۈۋەتتىڭمۇ؟

— تۈگىدى، — بالا بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى.

— نېمە؟ — چۈنچەباي چۆچۈپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ غەلىنى ئاچتى. غەلە پارچە - پۇرات پۇل بىلەن توشقانىدى. چۈنچەباينىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى تىكلىشىپ كەتتى.

— پەرۋەردىگارىم، كۆپكۈندۈزدە نېمە كۆرۈۋاتىمەن ئۆزۈم ...

چۈنچەباي ھاياجان ئىچىدە غۇدۇڭشىدى. ئۇ بوينىنى سوزۇپ ئەتراپقا ئالاڭلاپ كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بازاردىكى كاۋاپچىلار بەس - بەس بىلەن خېرىدار قىچقىرىشىپ

چېنىنىڭ بىردىچە ۋارقىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ كاۋاپلىرى شۇ پېتى تۇراتتى.

— كاۋاپ تۈگىمىدىمۇ ئۇستام يە...

— 10 — 15 زىخمۇ چىقماسمۇ ...

بىر نەچچە خېرىدار چۈنچىباينىڭ كاۋاپدىنىغا دۇقۇرۇپ ئاندىن قوشنا كاۋاپدانغا ئۆتۈپ كېتىشتى. چۈنچىباينىڭ ھەيرانلىقى ھەسسىلەپ ئاشتى. كاۋاپچىلىق قىلغاندىن بۇيان بۇ ھادىسىنى تېخى بۈگۈنلا كۆرۈۋاتاتتى.

«نېمە ئىشتۇ، بۇ؟ نېمە كارامەت بار بۈگۈن ...»

چۈنچىباي دېمىنى ئىچىگە تارتىپ ئويلاپ قالدى. «توغرامچا چوڭ بولۇپ كەتتىمۇ-يا؟ يا بولمىسا زىخقا جىق ئۆتكۈزۈلۈپ قالدىمىكىن ...» چۈنچىباي بۇ گۇمانلىرىدىن دەررۇ ۋاز كەچتى. گۆشىنى ئۆزى قاراپ ئولتۇرۇپ توغراتقان، توغرامچىسىنى ئۆزى بىر تالدىن ساناپ ئۆتكۈزگەنىدى. بىردىنلا چۈنچىباينىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، بۇرنىنىڭ كۆمۈچىكى ئىپىلداپ كەتتى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ يادىغا بىر ئىش كېچىپ قالدى. بۈگۈنكى بۇ ئىش چۈنچىباي ئۆمرىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىككىنچى قېتىملىق مۆجىزە ئىدى. چۈنچىباي ئالدىنقى يىلنىسى قېرىپ كېتىپ كارغا يارىماي قالغان ئېشىكىنى سېتىۋەتمەكچى بولۇپ ئېشىكىنى ئۇلاغ بازىرىغا ئېلىپ باردى. لېكىن كەچكىچە بىرمۇ ئالارمەن ئۇنىڭغا قاراپ قويمىدى. ئەتىسى ئۇ سەھەر قوپۇپ قېرى ئېشەكنى تاراپ - تازىلاپ، ئۇچۇلۇقىنى قېقىشتۇرۇپ جابدۇدى. ئاندىن ئېشەكنىڭ تۆت ئايىغىغا ئىمىرىق سالدى - دە، ئېشەكنى يېتىلەپ دەرۋازىدىن «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ ئوڭ ئايىغىنى بېسىپ چىقتى. بۇمۇ كارغا كەلمىدى. سودىن چىققان ئاسلاندەك تۈكلىرى ھۆرپىيىپ، قۇلاقلىرى سالپىيىپ كەتكەن، تۇزغان يېرىدە مۈكدەپ قالمىدىغان، يۈگۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، باغلاپ قويغان يەردىمۇ ئاران ئاياغ بېسىپ تۇرىدىغان بۇ قېرى ئېشەكنى كۆرگەن بېدىكلەرمۇ بېشىنى چايقىشىپ كېتىپ قېلىشتى. ئۇ كەچقۇرۇن بۇ نەس باسقان ئېشەكنى مىنگىنى تاشلاپ ئۆيىگە ياندۇرۇپ كەلدى، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ ياكى قوغلىۋېتىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئەتىسى يەنە ئۇلاغ بازىرىغا جابدۇدى. يازلىق ئەتىمال كۈنلىرى ئىدى. بىكارچىلىقتىن زېرىككەن ئاتىملا «مەنمۇ بارايچۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. مايسىخاننىڭ مۇرەسسەسى بىلەن چۈنچىباي مىڭ تەسلىكتە ئاتىملانى ئېشەككە مىندۈرۈۋالدى. مۆجىزە دەل شۇ كۈنى يۈز بەردى: چۈنچىباي مۈشتۈمدەك بالىنى كۆتۈرۈشكىمۇ ھورۇنلۇق قىلىپ ئاران چامداپ كېتىۋاتقان ئېشەكنى ھەيدەپ ئۇلاغ بازىرىغا كىرىشى ھامان، ئېشەكنىڭ ئەتراپىغا بىر توپ خېرىدار ئولىشىۋالدى. بېدىكچىمۇ ئىش تەگمىدى. «ھايتىنى - ھۆيت» دېگۈچە ئېشەك سېتىلىپ كەتتى. تۈنۈگۈنكى ئىمتىقا تاشلاپ بەرسە ئىمت قارىمايدىغان ئەبگا سوكال ئېشەك شۇ ئىدى: بۈگۈن بۇ ئېشەك ئارغىماقنىڭ بازىرىنى ئاچتى. ئۇ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قالدى. ئىشقىلىپ ئېشەكنى سېتىۋالدى. شۇ خۇشلۇقتا چۈنچىباي نېرى - بېرىسىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى ...

مانا بۈگۈنكى ئىشمۇ بىر مۆجىزە ئىدى: بىر كۈن كەچكىچە قىلمىدىغان تاپاۋىتىنى ئاتىملا بىر پىيالە چاي سۇمۇرگىچىلىك ۋاقىت ئىچىدە يۇيۇپ - تاراپ يەرلىككە قويدى ...

www.uyghurkitap.com
كىتاب نۇر بىكىتى

چۈنچەباي بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدى، «ئېشەك ساتقان كۈنى ئاتىللا ئېشەكنىڭ ئۈستىدە ئىدى. سېتىلمىغان ئېشەك ئاتىللانى ئېشەككە مىنىپ بارغان كۈنىلا ئاشۇنداق... بۈگۈنمۇ يەنە شۇ ئاتىللا ...! مۇشۇ ئاتىللا كاۋاپدانىنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇۋىدى، مانا بۈگۈنمۇ مۆجىزە يۈز بەردى ... ئەسلىدە ئاشۇ بالا ... ئاشۇ مېنىڭ ئاتىللامدا بىر خاسىيەت بار ئىكەن - دە! ... ۋاي قاپاق بېشىم!...»

خۇشاللىقتىن چۈنچەباينىڭ قورۇقلىرى تۈزلىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك خۇشال بولغىنىنى ئەسلىنىيەلمەيتتى. ئۇ قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى، ساقال - بۇرۇتلىرى تال - تال بولۇپ دىڭگايدى. چۈنچەباي بىر - چەتتە بېشىنى سىلاپ ئولتۇرغان ئاتىللاغا قاراپ ئاغزىغا گەپ كەلمەي بىر ھازاغىچە كېچىپ قاراپ تۇردى، ئاندىن بىر چامداپ، ئىككى چامداپ ئاتىللانىڭ يېنىغا كەلدى:

— جۇر بالام ... كەتتۇق، — دېدى. ئاندىن ياغلىشاكغۇ قوللىرى بىلەن ئاتىللانىڭ بۇجغۇر چاچلىرىنى سىلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ مۇلايىم ئىدى. چۈنچەباي ئاتىللادىن ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك سۆيۈنمىگەنىدى.

ئاتىللا ئاستا ئورنىدىن تۇردى - دە، دادىسىغا «لاپپىدە» بىر قاراپ، بېشىنى دادىسىنىڭ قولىدىن قاچۇردى ۋە دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن پىسىرلاپ ماڭدى.

×× ××

شۇ كۈندىن باشلاپ دادىسىنىڭ ئاتىللاغا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگەردى. چۈنچەباي ئۇنىڭ ئولتۇرۇش - قوپۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، بىرەر كۈن بولسىمۇ ئاغرىپ - تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بالىسىنىڭ ئانىسىغا ئاتىللانى ياخشى كۈتۈش توغرىسىدا ۋەز - نەسىھەت ئوقۇيدىغان بولدى. لېكىن ئانىيا چۈنچەباينىڭ بۇ ئۆزگىرىشىدىن ئۇنچە خۇشال بولۇپ كەتمىدى. ئۇ، چۈنچەباينىڭ ھېلىقى ۋەز - نەسىھەتلىرىنى «بۇ ياخشى باققىن، تازا بورداپ سەمىرىتىپ يەيمىز...» دېگەن مەنىدە چۈشەنگەنىدى.

چۈنچەباي ئاتىللانى مەكتەپكە ئەۋەتمەي قويدى. چۈنكى ئۇنىڭ سۆزىچە ئاتىللا «ئايىغى ياراشقان»، «خاسىيەتلىك»، «ئېتىكى ئوتلۇق بالا». بۇ بالا خۇدانىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئامانىتى ئىدى. ئۇ، قولىقى ئالتۇن، مېۋىسى يامبۇ دەرەخ ئىدى. بۇ دەرەخ «مەكتەپ - پەكتەپ» دەپ بىر چىشلەم نانغا دال بولمايدىغان مەينەت گەپلەر بىلەن كالىسىنى ئىشلەشتۈرۈپ ئاز - موز بولۇپ يۈرمەي، ئاتا - ئانىسىنىڭ راھىتىنى كۆرۈشى كېرەك ئىدى. ئوغۇل بالا دېگەن دادىسىغا يۆلەك بولۇشى لازىم. ئاتىللا ئوغۇل بالا. ئوغۇل بولغاندىمۇ ئاز تېپىلىدىغان سايەۋەن ئوغۇل بالا. بىر ئائىلىنى باقىمەن دەپ سۈيى قېچىپ قاقتەك قورۇلۇپ قېلىۋاتقان دادىسىنىڭ بېشىغا ئانچە - مۇنچە سايە تاشلىمىسا بولامدۇ؟...

مايسىخان ئېرىگە يېلىنىپ دېمىگىنى قالمىدى. «مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن قارىشىپ بەرسۇن» دەپمۇ باقتى. لېكىن چۈنچەباي قۇلاق سالمىدى. ئاتىللامۇ يىغلىدى، قاقشىدى، خىتتىكىشىپ تاماق يېمەي دومسىيىۋالدى، لېكىن چۈنچەباي گاھ شىلاپ، گاھ ھۆرپىيىپ، دوق قىلىپ بولجۇتمىدى. ئانا، چۈنچەباينىڭ غەزىلىدىن قورقۇپ، ئاخىرى «يۇم - يۇم» يىغلىغىنىچە ئاتىللانى مەكتەپكە ئەمەس، بازارغا جابدۇپ يولغا سالدى. بازارغا قاتنايدىغان بولغاندىن بېرى كېچىسى جۆيلۈپ قىزىتىپ چىقىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ پەقەت تاڭغا يېقىن

ئۇگىلىنىپ قالغاندەك بولاتتى. ئانا كىچىكچە بالىنىڭ بېشىدا كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇپ چىقاتتى. نېمىشقىدۇر بىر نامەلۇم ۋەھىمىنىڭ كۆلەڭگىسى ئانىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېزىپ كاردىن چىقارغانىدى.

چۈنچىباي شۇ كۈنلەردە قالتىس روھلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ مېڭىش - تۇرۇشى، گەپ - سۆزى بىردىنىلا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ ئىلگىرىكىدىنمۇ ئەتىگەنرەك تۇرىدىغان بولدى. ئاتىلىلا ئۆيقۇدىن ئويغانغىچە ھەممە نەرسىنى تەقلەپ قوياتتى - دە، بالىنى ئويغىتىپ بازارغا چۈنەيتتى. بازار پەۋقۇلئاددە ياخشى ئىدى. چۈنچىباي كاۋاپدانغا كاۋاپ بېسىپ ئۈلگۈرەلمەيتتى. خېرىدارلارغا گويا چۈنچىبايىنىڭ كاۋىپىنىڭ بالاسى تەگكەندەك ئىدى. ئۇلار كاۋاپدانغا ئولىشىۋېلىپ ئۇنى ئالدىرىتاتتى. پۇللىرىنى تەڭلىشىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىقاتتى. كاۋاپ ئەگكەنلىرى خامسۇق كاۋاپىنى ئىشتىھا بىلەن چايىنىشىپ، تىللىرىنى تامشىتاتتى. كاۋاپ تەگمىگەنلىرى تاقەتسىزلىنىپ غۇدۇڭشىشاتتى، بەزىلىرى ھەتتا «ئۇستام-ئۇستام» دەپ تولا جورۇپ ھېرىپ كېتىپ ئاخىرىدا چۈنچىبايغا دوق قىلىشاتتى. ئاتىلانىڭ ۋەزىپىسى- كاۋاپدانىنىڭ يېنىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماي ئولتۇرۇپ بېرىش ئىدى. ھېچقانداق ئىش قىلمىسىمۇ بولاتتى. چۈنچىباي ھازىر ئىلگىرىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق گۆش ئالىدىغان بولدى. شۇڭا ئۇلار بازارغا ئەتىگەن كېلەتتى ۋە بەكمۇ كەچ قايتاتتى. ئاتىلا كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇشىغىلا چۈنچىباي ئۇنى ئۇخلاشقا بۇيرۇيتتى. چۈنكى سەھەر تۇرۇشى كېرەكتە. ئاتىلاغا ئىلگىرىكىدەك قويۇشىنىڭ يېتىشمىنى، ئاپىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى، يۇلتۇزلارنىڭ چاقنىشىنى كۆزىتىدىغان پۇرسەت قالمىدى. داڭگال - تاشلاردىن ھەر خىل بىنالارنى، يوكسەك چوققىلارنى ياساش، يەرگە قوياش، ئاي، زېمىن ۋە زېمىندىن ئاي - يۇلتۇزلارغا چىقىپ كېتىۋاتقان ئادەم ھەققىدە رەسىم سىزىش توغرىسىدا ئەسلا ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاتىلاغا ئۇنچىلىك ئەركىنلىك يوق ئىدى. ئۇ پەقەت ھېچنېمە بىلەن شۇغۇللانماي تۇخۇمغا ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندەك بىر جايدا ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ئاتىلاغا تولىمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇ تېخىمۇ جىمغۇر بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن بۇ رەھىمسىز ۋە ئاچچىق سۆز ئاتىسىغا ئۆچلۈك قاينايتتى. لېكىن ھازىرچە بۇ قىسمەتتىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى...

ئاتىلىلا بۈگۈنمۇ كاۋاپ بېسىلىغان تەڭلىنىڭ يېنىدا خۇددى جۇتتا قالغان ئوغلاقتەك شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ غەلىگە چۈشۈۋاتقان پۇللارغا قاراپ سالماسلىققا تىرىشىپ بېشىنى بىر چەتكە بۇرۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، پېشانىسىدىن ھەر دائىم بالقىپ تۇرىدىغان بىر خىل يارقىن، ئىسسىق نۇر ئۆچكەندەك ئىدى. ئۇنىڭ ئالمىدەك قىزىرىپ تۇرىدىغان ئاق سۈزۈك مەڭزى تاتىرىپ بوزارغانىدى. بالىنىڭ سۈزۈك تاڭ ئاسمىنىدەك كۆك، بىللۇردەك ۋاللىداپ تۇرىدىغان چاقناق كۆزلىرىدە بىر ۋەھىمىلىك كۆلەڭگە ۋە چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر ھەسرەت قېتىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بارماقلىرى قانسىزلىنىپ ئاقارغانىدى. بۇ بارماقلار توختاۋسىز تىترەپ تۇراتتى.

چۈنچىبايىنىڭ چۆرىسىنى خېرىدارلار

مۇرنۇۋالغانىدى. ئۇ شۇ تاپتا غەللىگە غازاڭدەك تۆكۈلۈۋاتقان پۇلدىن باشقىنى ھېچنەرسىنى كۆرمەس ۋە ئويلىماس ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنچىلىك جىق پۇلنى پەقەت چۈشىدىلا كۆرگەنىدى. بۈگۈن بولسا، ئوڭىدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن يالتىرايدۇ، ئۇ كۆزلەر چۈشۈۋاتقان پۇللارغا قاراپ ئۈلگۈرمەيدۇ. شۇنچىۋالا پۇل ئۇنىڭ... ئاشۇ چۈنچىبايىنىڭ ئاتىلالا بولمىدىكەن، بۇ پۇللار-ئۈزۈلمەي ئۇنىڭ قوينىغا تۆكۈلۈۋېرىدۇ...

چۈنچىباي ئاشۇ پۇللارغا قاراپ پۈتۈن دۇنيانى - خوتۇنىنى، بالىسى ئائىلىسىنى، ئۇنىڭ ئارزۇ - ھەۋەس ۋە ئەرك ئەختىيارىنى، بۇ دۇنيانىڭ غېمىنى، قايغۇسىنى، يىغىسىنى، ھەتتا ئۆزىنى - ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، ئۆزىنىڭ ئات-جۇنىنى، ئەسلى-ۋەسلىنى تامام ئۇنتۇماقتا ئىدى. گويا ئۆزىمۇ تېزۈۋېلا پۇلغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. شۇ مىنۇتتا، ئاشۇ قاردەك لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان پۇللارنىڭ خېرىدارنىڭ قولىدىن ئاجراپ غەللىگە چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇساپىسى گاھ ئۇنىڭغا تولىمۇ ئۇزۇن، ئۇ پۇللارنىڭ غەللىگە چۈشۈش سۈرئىتى بەكمۇ ئاستا بىلىنسە، گاھىدا ئۇ، ئاشۇ پۇللارنىڭ ھاۋادا ئۇزۇنراق توختاپ قېلىشىنى بىردىنلا خالاپ قالاتتى. چۈنچىباي ئۇ پۇللارنىڭ ھاۋادىكى يەڭگىل، نازۇك شىرىقلاشلىرىغا، ئۇ پۇللارنىڭ پەرۋازىدىن ھاۋانىڭ سىلكىنىشىگە، بۇ سىلكىنىشتىن پەيدا بولغان ھاۋا دولقۇنىغا، ئاشۇ پۇلنىڭ ھاۋادا قالدۇرغان ئىزىغا ۋە ئۇ پۇلنىڭ ھاۋادا لەيلەپ كېتىۋېتىپ قالدۇرغان ئىنتايىن يېقىملىق، مۇڭلۇق، شوخ، ئويناق، خۇشاللىق ئاھاڭىغا، ياڭراق ئاۋازىغا بىر-خىل چەكسىز ... يارىماق سېزىمنى ئىلكىدە قولاق سالاتتى. ئۇ ئاۋازلار ئۇ ھېچقاچان ئىڭشاپ باقمىغان گۈزەل بىر ناخشا ئىدى. بەكمۇ يېقىملىق تەسىرلىك، سەلتەنەتلىك مۇقام ئىدى... بۇلبۇلنىڭ ناۋاسىدەك مۇڭلۇق، سۈزۈك بۇلاقنىڭ شىلدىرلىشىدەك راھەتلىك، بوۋاقنىڭ ۋىلىقلىشىدەك سۆيۈملۈك، ئانىنىڭ ئەللەيلىشىدەك ئىززەتلىك كۈي ئىدى! قايناق بازارنىڭ تومەننىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى، كاۋاپدانغا چىۋىندەك ئولىشىۋالغان مۇنچە خېرىدارلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى، ئۇلارنىڭ غۇدۇڭشۇشلىرى، دوق قىلىشلىرى چۈنچىبايىنىڭ غەللىگە چۈشۈۋاتقان ئاشۇ پۇللارنىڭ ھاۋادا قالدۇرغان تەسىرلىك مۇزىكىسىنى ئاڭلىشىغا ھېچ دەخلى قىلالمايتتى. شۇپەيتتە ئۇ، قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە بومبا يېرىلسىمۇ ھالەتتىمۇ پۇلنىڭ ھاۋادا ياڭرىتىۋاتقان نازۇك ۋە نەپىس ساداسىنى ئىلغا قىلىۋالغىدەك دەرىجىدە سەزگۈرلىشىپ كەتكەنىدى.

چۈنچىبايىنىڭ پۇت - قولى يەرگە تەگمەيتتى. كۆزلىرى خۇمارلىشىپ قىسىلغانىدى. ئۇ تىنىڭ تەپتىدىن سارغىيىپ، كۆل - چاڭدا بوزارغان ساقال - بۇرۇتلىرى كۆككۈلمۈك تىترەيتتى. ئۇ ئۆمرىدە بىرەر قېتىم كېلىشتۈرۈپ بىرەر ناخشا ئېيتىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۇرۇپلا بار ئاۋازى بىلەن توۋلاپ ناخشا ئېيتقۇسى كېلىپ قالدى. چۈنكى ئۇ پۇللار ياڭرىتىۋاتقان قايناق، جۇشقۇن، تەسىرلىك مۇزىكىدىن روھلىنىپ، يۈرىكىدە ئىلھام قايناپ كەتكەنىدى.

چۈش پېشىنگە قالماي، چۈنچىبايىنىڭ كاۋاپدىنى قۇرۇقدىلىپ قالدى. ئەمدى گۆش ئالسا ئۈلگۈرمەيتتى. چۈنچىباي تۈنۈگۈن

www.uyghurkitap.com

گۆشنى ئاز ئېلىپ قويغىنىغا ئۆكۈندى. لېكىن ئامال يوق ئىدى. ئەمدى ئۆيىگە قايتىپ ئۆزى ئۈچۈن ھوزۇر بېغىشلايدىغان ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ كۆڭۈللۈك بىردىنبىر ئىش — پۇل ساناشقا، ئاشۇ يېقىملىق ئاھاڭ ئاۋازلارنى ئاڭلاشقا ئالدىرايدۇ.

سودىسىدىن مەمنۇن بولۇپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن چۈنچەباي كاۋاپدانىدىكى ئوتنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، قوللىرىنى دەسمالغا سۈرتتى-دە، غەللىنى تاقاپ قولتۇقىغا قىستى، ئاندىن بىردىنلا ئاتىللا يادىغا كېلىپ، تەگلىنىڭ قېشىدا تامغا يۆلەنگىنىچە مۈكچىيىپ ئولتۇرغان ئاتىللانى چاقىردى:

— قوپ ساقام، قوپ، قايتايلى.

بالا تامغا قىيپاش يۆلەنگىنىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى. بالىنىڭ بېشى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ياكى ئويغاقلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بالا قىمىرلىمىدى.

— قوپ دېيمەن بالام، ئۆيگە كېتىمىز... — چۈنچەباي بالىغا ۋارقىرىدى.

بالا يەنىلا ئۈنچىقمىدى. شۇ كۈنلەردە بالا بارغانسېرى تەرسالىشىپ كېتىۋاتاتتى. گاھىدا ئوغلىنىڭ كۆزىدىكى جاھىلانە قارشىلىق ئۇچقۇنلىرىدىن چۈنچەباينىڭمۇ تېپى جۇغۇلدايدىغان بولۇپ قالغانىدى. لېكىن ئاتىللاغا قاتتىق تەگكىلى بولمايتتى. نېمىلا قىلمىسۇن سىلاپ - سىيپاپ يۈرۈپ بازارغا ئېلىپ چىقمىسا بولمايتتى. چۈنچەباي ھازىرمۇ ئاتىللانىڭ جىم ئولتۇرۇۋېلىشىنى ئەنە شۇ جاھىللىققا جورۇپ سەل ئاچچىقى كەلدى-يۇ، يەنە دەرھال ئۆزىنى بېسىۋېلىپ مۇلايىمغىنا قىچقاردى:

— ئاتىللا، بالام، قوپ ئورنۇڭدىن.

ئاتىللا بېشىنىمۇ كۆتۈرمىدى. چۈنچەباي بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ زوڭزايدى-دە، ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تارتقۇشلىدى:

— بالاموي، بازاردىمۇ ئۇخلامدىكەن، كەمەرگە كاتىكى يوق كوچا ئىتىدەك...

ئوشتۇمتۇت بالىنىڭ بېشى چۈنچەباينىڭ بىلىكىگە «شىلىققىدە» چۈشتى. ئاتىللانىڭ ئېگىكى چۈشۈپ كۆزى چەكچىيىپ كەتكەنىدى.

چۈنچەباينىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى.

— ۋاي بالام... ئاتىللا...

ئاتىللا ئولتۇرغىنىچە ئۆلۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ تېنى ئاستا - ئاستا سوۋۇۋاتاتتى.

— ۋاي بالام...، — چۈنچەباي كالىدەك ھۆركىرىۋەتتى، — ۋاي بالام... نېمە بولغانسەن...

دەررۇ بازارچىلار ئولاشتى. كىمدۇر بىرى بالىنىڭ ئېگىكىنى ئۆرۈلاپ جايىغا چۈشۈردى، ئالقىنى بىلەن سىيپاپ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويدى.

— ۋاي بالام... بالامەي...

چۈنچەباي بالىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تەسلىكتە قوپتى. كۆزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياش ئۇنىڭ ساقاللىرىنى يۇيۇپ، ئاتىللانىڭ ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان يۈزىگە سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى.

— ۋاي بالام... بالامەي...

دەل شۇ چاغدا بازارنىڭ ئۇ بېشىدىن بىر خوتۇننىڭ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. بۇ ئاتىللانىڭ ئانىسى ئىدى. ئۇنىڭ ياغلىقىنىڭ بىر ئۇچى مۈرىسىگە سېلىنىپ، بىر ئۇچى يەردە سۆررۈلۈپ قالغانىدى. ئانىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى ئېچىلىپ، چاچلىرى چۇۋۇلغانىدى.

چۈنچەباي تېخى ھازىرلا سادىر بولغان قازادىن ئايالىنىڭ قانداق خەۋەر تاپقانلىقىنى چۈشىنەلمەيدى. تېخى ھېچكىم ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئانىنىڭ كۆڭلى خۇدانىڭ كۆزى. ئانىنىڭ كۆڭلى تۇيغانىدى. شۇڭا ھېچكىم خەۋەر قىلمىسىمۇ بۇ قازادىن خەۋەر تاپقانىدى.

ئادەملەر توپى بازارنىڭ ئىككى بېشىدىن يىغا-زارە قىلىشىپ كېلىۋاتقان ئەر-خوتۇنغا يول بوشىتىپ ئىككى قاسناقتا ئۆتۈپ تۇرۇشتى.

www.uyghurkitap.com

— ۋاي بالام ... ئاتىلىلام ... مېنىڭ كۆڭلۈم تويغانتى ئەمەسمۇ بالام ... سۆكەت گۈلى ئاپئاق ئېچىلغاندىلا بىلگەنتىم بالام ...

ئانا يۈرەكنى سىيرىدىغىدەك بوزلاپ يىغلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ مۆدۈرۈپ-چوقۇرۇپ كەلگىنىچە، بالىنى كۆتۈرگىنىچە دەلدەڭشىپ كېلىۋاتقان چوڭچىباينىڭ قوچقىدىكى جەسەتكە ئۆزىنى ئاتتى. ئانا ئوغلىنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ، ئىچى-باغرى چۇۋۇلۇپ كەتكۈدەك ھۆكرەپ بىر ھازا يىغلىغاندىن كېيىن ئۆشتۈمتۇت بېشىنى كۆتۈردى-دە، «كاپىر» قىلىپ چوڭچىباينىڭ گېلىدىن بوغدى.

— ئەمدى پۇلغا تويدۇڭمۇ چوڭچىباي! ئەمدى مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ چوڭچىباي! پۇلنى دەپ ھەممىدىن كەچكەن چوڭچىباي! ... ھەممىنى ... ھەممىنى ... ساتقان ...

ئايالىنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ، چاۋغىيىدىن كۆپۈك قايناپ چىقتى. ئۇنىڭ بارماقلىرى كۆزلىرىدىن يۇم-يۇم ياش ئېقىتىپ كالىدەك ھۆركىرەۋاتقان چوڭچىباينىڭ بوغۇزىنى ئامبۇردەك قىسىپ، سولاشقان، جۇدەڭگۈ ئېتىگە كىرىشىپ كەتكەنىدى.

— ئەمدى كۆرسەڭ چوڭچىباي! كۆرىدىغىنىڭ ئالدىڭدا تېخى چوڭچىباي! سېنىڭ ئۆلۈكىڭگە ئىتمۇ قاراپ قويمايدۇ! ئۆلمەي تۇرۇپ ھەممىنى ... كۆرىسەن ... !

ئايالىنىڭ چىرايى دەسلەپتە تامدەك تاتىرىپ، كېيىن چويۇندەك قارا-كۆك تۈس ئالدى. ئۇنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ خىرقىراپ قالدى-دە، چوڭچىباينىڭ گېلىنى قويۇۋېتىپ ئارقىسىغا «تىرىڭڭىدە» يىقىلدى. ئاندىن بىرەر ئىككى سىلكىنىپ بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى.

... خېلى يىللارغىچە، كىشىلەر مۇشۇ بازارنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى بىر بۇلۇڭدا، ئاقارغان چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ چاڭگا بولۇپ كەتكەن، كىيىملىرى جۇلجۇل، مەينەتچىلىكىنىڭ دەستىدىن ئەپتىگە قارىغىلى بولمايدىغان بىر بوۋاينىڭ تىرناقلىرى مۈشۈك ياپىلاقىنىڭ تىرنىقىدەك ئۆسۈپ كەتكەن، ئورۇق ۋە ئىپلاس بارماقلىرى بىلەن بىر تۇتام مەيدە پۇلنى چاڭگاللىغىنىچە ئايانچلىق ئاۋازدا:

— ئاتىللا ... مايسىخان ... ئاتىللا ... مايسىخان ... قېنى سىلەر ... سىلەر نەدە ... — دېگىنىچە ئېڭىراپ-زارلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇشتى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى دەرد ۋە ھەسرەتتىن گۇنىزلانغانىدى. بۇ كۆزلەردە ياشاشنى خالايدىغان، ياشاشقا ئىنتىلىدىغان ئىنساننىڭ كۆزلىرىدە يېنىپ تۇرىدىغان ئۇچقۇنلار تامام ئۆچكەنىدى. ئۇنىڭ ئىپلاس قولىدىكى پۇللار تولا مىجىقلانغانلىقتىن كىرلىشىپ، پېتىدىن چۈشۈپ، بىر تۇتام ئەسكى پۇرۇشتەك بولۇپ قالغانىدى. بۇ پۇللاردىن خام ياغنىڭ قاڭسىق ھىدى كېلىپ تۇراتتى.

— ئاتىللا ... مايسىخان ... سەن نەدە ... — ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ قايسىبىرلىرى بوۋاينىڭ بۇ ئەپتىدىن يىرگىنىپ، قايسىبىرلىرى ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتىپ خورسىنىپ قويۇشاتتى ۋە قايسىبىرلىرى كىرلەشكەن، مەينەت بىر تۇتام پۇلنى مىجىقلىغىنىچە ئېڭراپ ياتقان، خۇددى ئەسكى يوتقاننىڭ مېزىدەك تىتىلىپ-چۇۋۇلۇپ كارىدىن چىققان بۇ ئادەمگە تىكىلگىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ قېلىشاتتى. ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغىنىنى بىر ئاللاھتىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەس ئىدى. ئۇلار بۇ ئادەمنىڭ قىياپىتىدىن نېمىلەرنى كۆرۈۋاتتىدىكىن؟ بۇ ئادەم ئىچ ئاغرىتىشقا لايىقمۇ ياكى نەپرەتكىمۇ؟ بۇنىسىنى مەنمۇ بىلمىدىم...

1988-يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى




رەخىم قاسىم

## 2 - قىسىم

## «چاغاتاي مازارى»

بۈگۈن يەكشەنبە، هاۋا ئوچۇق. مانا، ئالدىمدا «چاغاتاي مازارى» نىڭ قىزغۇچ خىشتا ياسالغان ئاددىي دەرۋازىسى.

بۇ، مېنىڭ تاشكەنتكە كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلىشىم. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ نېمە ئۈچۈن چاغاتاي نامىدا ئاتالغانلىقىنى ئېنىق ئۇقمىساممۇ، لېكىن بۇ يەردە ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرى ئىچىدە ئاجايىپ شان - شۆھرەت قازانغان زاتلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ياتقانلىقىنى بىلەتتىم.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتتىن - يۇرتقا بارساق، ئالدى بىلەن تۇپراق بېشىغا چىقىپ ۋاپات بولغانلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تەكبىر قىلىش ئادىتىمىز بار. بۈگۈن مەنمۇ بۇ قەبرىستانلىققا ئەنە شۇ مەقسەتتە كەلگەنىدىم.

شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بۇ قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبقا قارىغان دەرۋازىسىدىن كىرىپ، 20 — 30 قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، سول تەرەپتىكى چاپلاشتۇرۇلغان ياغاچ كارىۋات ئۈستىدە بىر نەچچە مويسىپىت كىشىنىڭ چاي ئىچىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئېھتىمال، بۇلار مۇشۇ قەبرىستانغا قارىغۇچىلار بولسا كېرەك. بىزلەردە مازار - قەبرىستانلىق دېسە، كۆپ هاللاردا كۆز ئالدىمىزغا ئاپتاپتا ئوتتەك كۆيۈپ تۇرغان قاقاسلىق كېلىدۇ. لېكىن، مەن كۆرگەن تاشكەنتنىڭ قەبرىستانلىرى ئۇلارنىڭ تامامەن ئەكسى ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇلارنى قەبرىستان دېيىشتىن كۆرە باغ دېيىش مۇۋاپىقراق بولاتتى. بۇ يەردە بۈككىدە ئۆسكەن دەل - دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىدا ياڭزا - ياڭزا گۈللەر چاقنايتتى. يېقىن - يىراقتىن قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ئاڭلىناتتى. هەر بىر قەبرە پاكار تۆمۈر شالاسۇن بىلەن قورشالغان، قەبرە بېشىغا مەرمەر تاشلار ئورنىتىلغان. ئەنە شۇ



* بېشى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1988 - يىل 4 - سانىدا

www.uyghurkitap.com

مەرمەر تاشلارغا ۋاپات بولغۇچىلارنىڭ ھەيكىلى، سۈرىتى قويۇلغان، ئىسمى - فامىلىسى، ئويۇلغان - ۋاپات بولغان يىللىرى يېزىلغانىدى.

مەن دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن چوڭ يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلدىم.

مانا، مېنىڭ ئالدىمدا تونۇش بىر چېھرە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ. ئۇ، بېشىغا بادامدوپپا، ئۈچىسىغا بەقەسەم تون كىيگەن بولۇپ، پەسكە ساڭگىلىغان ئىككى قولى قېلىن بىر كىتابنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. قىزغۇچ مەرمەر تاشقا ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەن ھەيكەلگە بىر قاراپلا، ئۇنىڭ مەشھۇر ئۆزبېك شائىرى غاپۇر غۇلام ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم.

غاپۇر غۇلامنىڭ قەبرى سول قاتاردىن سانىغاندا بىرىنچى قەبرە ئىدى. ئەنە شۇ قاتاردا ئۆزبېك خەلقىنىڭ يەنە بىر ئېسىل پەرزەنتى، مەشھۇر يازغۇچى ئايبېكنىڭ قەبرىسى بار ئىدى. قەبرە بېشىغا قارامتۇل مەرمەر تاشتىن يازغۇچىنىڭ يېرىم ھەيكىلى قويۇلغان. ھەيكەلتاراش ئايبېكنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئۇنىڭ يۈز قىياپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغاچقا، ئۇنىڭ باش قىسمىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن. يازغۇچىنىڭ قويۇق ۋە چېچىلىپ تۇرغان قارا چاچلىرى، تۈرۈلگەن قوشۇمىسى، كەڭ قاشلىرى، تولۇق كەلگەن يۈزى، ئويچان كۆزى، ھىم جىپسىلەشكەن كالپۇكى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ. ئۇ گويا ھاياتتەك، قانداقتۇر بىر جىددىي مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. . .

ئايبېكنىڭ قەبرىسىگە ياندىش يەنە بىر قەبرە يازغۇچى ئابدۇللا قاھھارنىڭ قەبرىسى ئىدى. ئايبېك، غاپۇر غۇلامغا ئوخشاشلا ئابدۇللا قاھھارنىڭ نامىمۇ شىنجاڭدىكى كەڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە ياخشى تونۇش. ئۇنىڭ كۆپلىگەن ھېكايىلىرى، «ئەرراپ»، «قوشچىنار چىراغلىرى» قاتارلىق رومانلىرى، «سىنچەلەك» پوۋېستى، «يېڭى يەر (شايى سوزانە)»، «ئاغرىق چىش» قاتارلىق درامىلىرى خەلقىمىز ئىچىدە زور تەسىر قوزغىغان. 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇنىڭ «يېڭى يەر (شايى سوزانە)» درامىسى سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكى تەرىپىدىن ئوينىلىپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغانىدى.

«چاغاتاي مازارى» دا يەنە بىرىنچى سوۋېت ئۆزبېك ئايال يازغۇچىسى ئايدىن سابىروۋانىڭ قەبرىسى بار ئىكەن. 50 - يىللارنىڭ بېشىدا، بىز ئۇنىڭ «ھېكايىلەر» ناملىق توپلىمىنى ئوقۇغانىدۇق. ئۇنىڭ «سادىغاڭكېتەي كوماندىر» دېگەن ھېكايىسى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان، كېيىن بۇ ھېكايىنى بىزنىڭ باشقا گېزىت - ژۇرناللارمۇ كۆچۈرۈپ باسقانىدى.

بۇ مازار (قەبرىستانلىق) دا بىز ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كۆپلىگەن يازغۇچى، شائىرلار ھەمدە بىزگە نامى تونۇش بولغان ئالىملار، ئارتىسلار، جەمئىيەت ئەربابلىرى ۋە باشقىلارنىڭ قەبرىسى بار ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ مەرمەر تاشلارغا يېزىلغان ئىسىملىرىنى ئوقۇغىنىمدا، ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى ياراتقان بۇ ئادەملەرگە چىن قەلبىمدىن ئاپىرىن ئوقۇدۇم ۋە ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ياخشى تىلەكلەرنى تىلىدىم.

«چاغاتاي مازارى» دا مېنىڭ دىققىتىمنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلغان يەنە بىر قەبرە — ئاتاقلىق سوۋېت ئۇيغۇر ئالىمى مۇرات ھەمرايوۋنىڭ قەبرىسى بولدى.

مۇرات ھەمرايوۋنىڭ قەبرى بېشىغا ئورنىتىلغان ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، ئېنى بىر

مېنى ئەتراپىمدىكى قىزغۇچ مەرمەر تاشقا ئۇنىڭ كۆزەينەك تاقاپ يالاڭباش چۈشكەن سۈرىتى ئورنىتىلغان، سۈرىتىنىڭ ئاستىغا «مۇراتبېك كەرىموۋىچ ھەمرايېۋ» دېگەن خەت، ئۇنىڭ تۆۋىنىگە (1983 — 1936) دېگەن سىفىر ھەمدە ئاستى تەرىپىگە «س س س ر پېداگوگىكا پەنلىرى ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

كىشىلەر تىلىدا رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ ئالىم ھەققىدە مەنمۇ كۆپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭ ھاياتى ئۇزاقتىن بېرى مېنى قىزىقتۇرۇپ كەلگەنىدى. مەن تاشكەنتكە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مۇرات ھەمرايېۋنىڭ ئىنىسى (ئۇمۇ بىر ياش ئالىم ئىكەن) كۆرۈشكىلى كېلىپ، ماڭا ئاكىسىنىڭ ھايات - ئىجاد پائالىيىتىگە دائىر بىر كىتابىنى بەرگەنىدى. بۇ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئۆزبېكىستان مائارىپ مىنىستىرلىكى، قارى نىيازوۋ نامىدىكى ئۆزبېكىستان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى (تەتقىقات ئورنى) تەرىپىدىن ئىشلەنگەن، ئۆزبېكىستان «پەن» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتاب ئىدى.

بۇ كىتاب ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. دەسلەپكى ئىككى قىسمى مۇرات ھەمرايېۋنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان، كېيىنكى بىر قىسمى مۇرات ھەمرايېۋ ھەققىدە باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەرلەر بولۇپ، قالغان يەتتە قىسمى ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ تىزىملىكى ئىدى. بۇ تىزىملىكتە يېزىلىشىچە، مۇرات ھەمرايېۋنىڭ 1958 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ئېلان قىلىنغان ئىلمىي - نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرى 277 پارچە؛ كىتابلار ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرگە يازغان ئوبزورلىرى 119 پارچە؛ تەھرىرلىگەن كىتابلىرى 20 پارچە، ئۆزى تۈزگەن كىتابلار 21 پارچە، ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى 20 پارچە، تەرجىمىلىرى 59 پارچە، ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان كاندىداتلىق دىسسېرتاتسىيىلەر بەش پارچە ئىدى. مانا مۇشۇ ئومۇمىي 521 سانىنىڭ ئۆزىدىنلا ئۇنىڭ ھەقىقەتەن پەۋقۇلئاددە تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

مۇرات ھەمرايېۋنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولىمۇ كىشىنى ھەيرەتكە سالىدۇ. ئۇ 1936 - يىلى 1 - يانۋاردا ئالمۇتا شەھىرىدە ئېتىكچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1954 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللار فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، 1959 - يىلى پۈتتۈرگەن. ئاندىن تاشكەنت تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئەدەبىيات بۆلۈمىدە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ئاسپىرانت بولغان. 1961 - يىلى «ئۇيغۇر كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدىكى قاپىيە» دېگەن تېمىدا دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ، تىل - ئەدەبىيات (فىلولوگىيە) پەنلىرى كاندىداتى ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولغان. 1963 - يىلى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمىدە چوڭ ئىلمىي خادىم بولۇپ ئىشلىگەن ھەم شۇ يىلى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن 7 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ئىلمىي يىغىنغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان. 1967 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمىنى باشقۇرغان. 1970 - يىلى پۈتۈن ئىتتىپاق لېنىن كومسومول مۇكاپاتىنىڭ لائۇرېياتى بولغان. 1975 - يىلى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا مۇئاۋىن مۇدىر ۋە 1977 - يىلى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا مۇدىر بولۇپ تەيىنلەنگەن ھەمدە شۇ يىلى پروفېسسور ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولغان. 1978 - يىلى س س س ر پېداگوگىكا ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى بولۇپ سايلانغان.

مۇرات ھەمرايېۋنىڭ مۇشۇ تەرجىمىھالى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ 25 يېشىدا پەنلەر كاندىداتى، 28 يېشىدا پەنلەر دوكتورى، 41 يېشىدا بىر ئىلمىي ئىنستىتۇتنىڭ مۇدىرى ۋە پروفېسسورى، 42 يېشىدا ئاكادېمىك بولغان.

مۇرات ھەمرايېۋنىڭ ئىختىساسلىقى كۆپ تەرەپلىمە:

مۇرات ھەمرايېۋ — كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم. ئۇ ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى بويىچە، يەنى تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا ۋە باشقا ساھەلەر بويىچە نۇرغۇن ئىلمىي ئەمگەك ياراتقان.

مۇرات ھەمرايېۋ — تالانتلىق شائىر. ئۇ، س س س ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇ، رۇس، ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىللىرىدا نۇرغۇن ياخشى شېئىرلارنى يازغان، بۇلار يۇقۇرقى ئۈچ خىل تىلدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان؛

مۇرات ھەمرايېۋ — پىشقان تەھرىر. ئۇ، رۇسچە، ئۇيغۇرچە، ئۆزبېكچە كۆپلىگەن كىتابلارنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن.

مۇرات ھەمرايېۋ — ئىستېداتلىق ئەدەبىي تەرجىمان. ئۇ، رۇس، ئۇيغۇر، ئۆزبېك ۋە قازاق تىللىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئۆز ئارا بىر - بىرىگە تەرجىمە قىلىشتا ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان.

تالانتلىق ئالىم، شائىر، تەھرىر، تەرجىمان مۇرات ھەمرايېۋ تازا كامالەتكە يېتىۋاتقان بىر پەيتتە يەنى 1983 - يىلى 14 - فېۋرالدا 47 يېشىدا ۋاپات بولغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدىلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئاجايىپ زور شۆھرەت قازانغان بۇ ياش ئالىم ھەققىدە كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەر يېزىلىپ، ئۇنىڭ ئىجادىي ھاياتىغا يۈكسەك باھا بېرىلگەن. كانادا ئالىمى ئۇدايىت، ياپونىيە ئالىمى كادزۇئىننىڭ ئۆز مەملىكەتلىرىدە چىقىدىغان گېزىت - ژۇرناللاردا «مۇرات ھەمرايېۋ — ئۇيغۇر ئالىمى» دېگەن تېمىلاردا چوڭ ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «پراۋدا»، «سوۋېتسكى سويوز»، «زنامىي»، «مولودوي گۋاردىيە»، «ئۇچىتېلسكايا گازېتا»، «لېنىنسكايا سمېنا»، «كومسومولسكايا پراۋدا» قاتارلىق مەركىزىي گېزىت - ژۇرناللىرىدا ھەمدە قازاقىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق رېسپۇبلىكىلارنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا كۆپلىگەن ئالىم، جامائەت ئەربابى، يازغۇچى، شائىر ۋە باشقىلار ماقالىلەرنى يېزىپ، مۇرات ھەمرايېۋنىڭ بۈيۈك تۆھپىلىرىنى ئالاھىدە مەدھىيىلىگەن.

مۇرات ھەمرايېۋنىڭ ئائىلىسى ھازىرمۇ تاشكەنت شەھىرىدە تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئايالى گۈلى (ئەگەر ئىسمىنى خاتا خاتىرىلىۋالغان بولمىسام) تاشكەنت ناۋائى كۇتۇپخانىسىدا ئىشلەيدىكەن.

مەن «چاغاتاي مازارى» دىن چىققاندا، كۆڭلۈم غەربكە خېلىلا ئەگىپ قالغانىدى. قەلبىمدە سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە قىيىن بولغان بىر خىل ھېسسىيات دولقۇنلىناتتى. مەن قەبرىلىرىنى تاۋاپ قىلغان بۇ ئادەملەر تېخى يېقىندىلا بىزگە ئوخشاش يورۇق ئالەمدە ياشىغان، ئىجاد قىلغان، ئۆز بېشىدىن خىلمۇ خىل سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆتكۈزگەن. مانا ئەمدى ئۇلار بۆككىدە دەرەخلەر سايىسىدا جىمجىت، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا يېتىپتۇ. ئۇلار ھاياتىنىڭ ئەگرى - توقاي يوللىرىدىكى تۈرلۈك مۇشكۈللەرنى خۇددى بورانلارغا قارشى كۆكرەك كېرىپ ئۇچقان بۈركۈتلەردەك جەسۇرانە يېڭىپ، ئىنسانىيەتكە بولغان جانكۆيەرلىكى بىلەن تىرىشىپ ھالال مېھنەت

قىلىپ، ئۆز ئەجرىدىن كەلگۈسى ئەۋلادلار قەلبىگە ئەبەدىي ھەيكەل ئورنىتىپ كەتتى... مەن ئىختىيارسىز ئۇلۇغ رۇس شائىرى پۇشكىننىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئەسكە ئالدىم:

قول بىلەن ياساپ بولمايدىغان ھەيكەلنى،
خەلقنىڭ زىيارەت يولىنى مايسا ـ گىياھ قىلالماس بەنت.
يۈكسەلدى مەغرۇر بېشى ئەسلا قىلماي تازىمنى،
ئالېكساندىر① ھەيكىلىدىن ھەم بەلەند.

## ئايبېك ۋە ئۇنىڭ ئۆي ـ مۇزېيى

ئاتاقلىق ئەدىب، ئىستېداتلىق ئالىم مۇسا تاشمۇھەممەد ئوغلى ئايبېك (1905 — 1968) ئىجادى — ئۆزبېك خەلقى مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە قوشۇلغان بىباھا بايلىق. ئايبېكنىڭ قۇدرەتلىك پروزىسى، ناپاسەتلىك شېئىرىيىتى ئۆزبېك ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغىلا ئەمەس، بەلكى كۆپ مىللەتلىك سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

ئايبېك 1905 ـ يىلى 10 ـ يانۋار تاشكەنت شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ مەدرىستە ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، 1921 ـ يىلىدىن باشلاپ ناۋائىي نامىدىكى تاشكەنت پېداگوگىكا تېخنىكۇمىدا ئوقۇغان.

ئايبېكنىڭ دەسلەپكى شېئىرى 1922 ـ يىلىدا «ئەرمۇغان» ناملىق ئەدەبىي توپلامدا بېسىلغان. شۇندىن كېيىن «تۇيغۇلار» (1926)، «كۆڭۈل نەغمىلىرى» (1929)، «مەشئەلە» (1932) توپلاملىرى نەشىر قىلىنغان.

30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئايبېك ھاياتىي ۋەقەلەرنى پوئېتىك تەسۋىرلەردە يارىتىشقا باشلايدۇ. شائىر «دىلبەر — دەۋر قىزى» ناملىق داستانىدا ئۆزبېكىستاندا ئاياللار ئازادلىقى يولىدا ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. «ئۆچ»، «بەختىگۈل ۋە ساغىنىدىق»، «تۆمۈرچى جورا» داستانلىرىدا ئۆزبېك مېھنەتكەشلىرىنىڭ زالىملارغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرىشىنى تەسۋىرلەيدۇ.

ئايبېك شېئىرىيەت بىلەن بىر قاتاردا پروزا ژانىرىدىمۇ ئىجاد قىلىشقا باشلايدۇ. 1940 ـ يىلى ئەدىبنىڭ مەشھۇر «قۇتلۇق قان» رومانى نەشىر قىلىنىدۇ. روماندا ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى ئۆزبېك خەلق ھاياتى كەڭ كۆلەمدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئەدىب ئۆز ئەسىرىدە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ھارپىسىدا تۈركىستاندا كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىش يولىنى، سىنىپىي كۈرەشنىڭ راۋاجلىنىشىنى، خەلقنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنى ھەققانىي ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئايبېك 1944 ـ يىلىدا «ناۋائىي» رومانىنى يېزىپ تۈگىتىدۇ. بۇ روماندا 15 ـ ئەسىرنىڭ تارىخىي ھادىسىلىرى ئىچىدە ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلىشىر ناۋائىي ئوبرازى، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە خەلقچىللىق پەزىلەتلىرى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. بۇ ئەسەر ئايبېكنىڭ شۆھرىتىگە شۆھرەت قوشىدۇ، كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىدۇ. كېيىنكى يىللاردا ئەنە شۇ ئەسەر ئاساسىدا كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلىنىدۇ.

ئەدىب ھازىرقى زامان تېمىسىدا يازغان «ئالتۇن ۋادىنىڭ شامىلى» رومانىدا ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يېزىلاردىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەسۋىرلىسە، «قۇياش قارايماس» رومانىدا ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا ئۆزبېك خەلقىنىڭ كۆرسەتكەن جاسارىتى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

① چار رۇسىيە پادىشاھىنى دېمەكچى — ت.

www.uyghurkitap.com

«قۇتلۇق قان» رومانىنىڭ تارىخىي، غايىۋى داۋامى سۈپىتىدە يارىتىلغان «ئۇلۇغ يول» رومانىدا فېۋرال ئىنقىلابىي مەزگىللىرىدە ئۆزبېك مېھنەتكەشلىرىنىڭ ئەستېبدات كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشىشلىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

ئاكادېمىك ئايبېكنىڭ «سوتسىيالىستىك لىرىكا ئۈچۈن»، «ئۆزبېك پوئېزىيىسىدە تىل»، «ئابدۇللا قادىرىنىڭ ئىجادىي يولى»، «ناۋائىنىڭ دۇنيا قارىشى مەسىلىسىگە دائىر»، «ناۋائى غەزەللىياتى»، «ئەلىشىر ناۋائىنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى»، «مۇقىمىي ئەسەرلىرىدە سوتسىيال تېمىلار» قاتارلىق بىر قانچە ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرى ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئايبېكنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ «ناۋائى» رومانى س س س ر دۆلەت مۇكاپاتىغا، «بالىلىق» پوۋېستى ھەمزە نامىدىكى ئۆزبېكىستان س س س ر دۆلەت مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولىدۇ. ئايبېكنىڭ نامى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە چەت ئەل كىتابخانلىرىغا ياخشى تونۇش.

يازغۇچى ئايبېكنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزبېكىستان خەلقلىرى تارىخىي مۇزېيىغا، ئۆزبېكىستاننىڭ تېرمىز شەھىرىدىكى دۆلەت پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا، تاشكەنت مېتروسىنىڭ كۆركەم ئىستانسىلىرىدىن بىرسىگە، شۇنىڭدەك كۆپلىگەن مەكتەپلەر، كولخوزلار، سوۋخوزلار ۋە كوچىلارغا ئۇنىڭ نامى بېرىلگەن.

تاشكەنتتە ئايبېك ئۆي - مۇزېيىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ئۆزبېك مەدەنىي ھاياتىدىكى چوڭ ۋەقە ...

تاشكەنت ئايبېك ئۆي - مۇزېيىنىڭ چوڭ ئىلمىي خادىمى شۆھرەت رىزايېۋا ماڭا ئايبېك ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە يۇقىرىدىقىلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

مەن «ئۆي - مۇزېيى» دېگەن ئاتالغۇنى دەسلەپ ئاڭلىغىنىمدا بىر ئاز ھەيران بولدۇم. كېيىنچە ئۇقسام، «ئۆي - مۇزېيى» — شەخسلەرنىڭ ھايات ۋاقتىدا ياشىغان - تۇرغان ئۆيلىرى بولۇپ، بۇنى ئادەتتىكى مۇزېيلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «ئايبېك ئۆي - مۇزېيى»، «غاپۇر غۇلام ئۆي - مۇزېيى» دەپ ئاتايدىكەن.

«ئايبېك ئۆي-مۇزېيى» تاشكەنت شەھىرىنىڭ ئاچىدىدوۋا كوچىسى 26 - قورۇدا بولۇپ، دەرۋازا ئالدىغا

**ئۆزبېكىستان س س س ر مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى**

**ئايبېك**

**(مۇسا تاشمۇھەممەدوۋ)**

**ئۆي - مۇزېيى**

دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان.

بۇ قورۇنىڭمۇ مۇشۇ كوچىدىكى باشقا قورۇلارغا ئوخشاش كوچا تەرەپكە قارىتىپ سېلىنغان ئۆيلىرى بىر قەۋەتلىك بولۇپ، ئۈستى چېدىر شەكلىدە يېپىلغان، دېرىزىلىرىگە ياغاچ قاپقاقلار بېكىتىلگەن. مەن بۇ جەنۇبقا قارىغان چوڭ دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىدىن كىردىم. ئازادە، كەڭ ھويلىنىڭ دەرۋازىدىن كىرىشتىكى سول تەرىپىدە، بىر نەچچە ئېغىز ئۆيگە كىرىدىغان يەنە بىر ئىشىك بار. بۇ ئىشىكتىن ئۆتكەندە، ئايبېكنىڭ ئورۇندۇقتا خىيال سۈرۈپ

ئولتۇرغان قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چوڭ ھەيكەل قويۇلغان. ھويلىنىڭ سەيناسىغا دەل - دەرەخ ۋە گۈللەر تىكىلگەن. دەرۋازىنىڭ قارشىسىدا ئىككى قەۋەتلىك كۆركەم ئاق بىنا بار. مانا بۇ — ئايبېك ياشىغان — ئىجاد قىلغان جاي.

مەن مۇزېيغا كەلسەم مۇزېيدىكىلەرنىڭ دەم ئېلىش كۈنى ئىكەن. بىراق، مۇزېيدىكىلەر مېنىڭ جۇڭگودىن كەلگەنلىكىمنى بىلىپ دەرھال مۇزېيغا باشلىدى.

مەن ئالدى بىلەن دەرۋازىدىن كىرىشتىكى سول ياقتا جايلاشقان بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرگە كىردىم. بىر - بىرىگە تۇتاش سېلىنغان بۇ بىر نەچچە ئېغىز ئۆينىڭ بىرىنچى ئۆيىگە بىر مۇنچە ماي بوياق رەسىملەر ئېسىلغان ۋە رەسىم سىزىشتا ئىشلىتىلىدىغان نەرسە - كېرەكلەر قويۇلغان. مەن گويا رەسىم كۆرگەزمىسىگە كىرىپ قالغاندەك سەل - پەل ھەيران بولدۇم. مۇزېي خادىمى مەندىكى ھەيرانلىقنى سەزدىمۇ، ياكى ئۆزلۈكىدىن سۆزلىدىمۇ، بۇ رەسىملەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ، يازغۇچى ئايبېكنىڭ رەپىقىسى زەردىپە سەئىد قاسىمروۋا سىزغان رەسىملەر. زەردىپە ئاپا ① رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرەتتى. مانا بۇ رەسىم سىزىش جاھازىسىنى ئاتاقلىق ئۆزبېك رەسسامى ئانىسقابايېۋ زەردىپە ئاپىغا تەقدىم قىلغان.

ئايبېكنىڭ ئۆي - مۇزېيى يىل تەرتىپى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 20 - يىللاردىكى تاشكەنتنىڭ خارابە كوچىلىرى، مەزكۇر شەھەرنىڭ گاۋكۇش مەھەللىسىدىكى ئايبېكنىڭ تۇغۇلغان ئۆيى، ئاتىسى تاشمۇھەممەد دادا قوزى ئوغلىنىڭ 30 - يىللاردىكى سۈرىتى، كونا مەكتەپ ۋە شۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇلغان كونا كىتابلار، 1917 - يىلدىكى تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆكتەبىر نامايىشى ۋە باشقىلارنىڭ رەسىملىرى قويۇلغان. ئەنە شۇلار بىلەن بىر قاتاردا ئايبېكنىڭ ئەرەب ھەرپىدە بېسىلغان بىرىنچى شېئىرلار توپلىمى «تۇيغۇلار» (1926)، لاتىن ھەرپىدە بېسىلغان ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمى «كۆڭۈل دەپتىرى» (1929)، «مەشئەلە» (1932)، «دىلبەر - دەۋر قىزى» (1933)، «بەختىگۈل ۋە ساغىندىق» (1934) قاتارلىق شېئىر - داستانلار توپلاملىرى قويۇلغان. بۇ يەردە يەنە ئايبېكنىڭ ئەرەب ھەرپىدە يازغان «نىممەتەك» شېئىرىنىڭ قوليازمىسىمۇ بار. بۇ توپلاملار بىلەن بىللە يەنە ئايبېك تەرجىمە قىلغان پۇشكىننىڭ «يېۋگېنىي - ئونېگىن» شېئىرىي رومانى، «ماركس ۋە ئېنگېلس سەنئەت توغرىسىدا»، «لېرمونتوۋ تاللانما ئەسەرلىرى»، «ئانتىك ئەدەبىياتتىن خرېستوماتىيە» قاتارلىق كىتابلارمۇ قويۇلغان. بۇ يەردە 1941 - يىلى لاتىن ھەرپىدە بېسىلغان «قۇتلۇق قان» رومانىنىڭ بىرىنچى نەشرى ۋە بۇ روماننىڭ باشقا تىللاردا نەشر قىلىنغان تەرجىمىلىرى بار. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ روماننىڭ تاشكەنت «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى بېسىپ چىقارغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى قويۇلغان. «قۇتلۇق قان» — ئايبېكنىڭ شۆھرىتىنى دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىگە تارقاتقان تۇنجى رومانى بولۇپ، كېيىن مۇشۇ ئاساستا يېزىلغان دراما ھەمزە نامىدىكى دۆلەت ئاكادېمىك دراما تىياتىرى تەرىپىدىن ئوينالغان. 1958 - يىلى «قۇتلۇق قان» رومانى بەدىئىي فىلىم قىلىنىپ ئىشلەنگەن. بۇ رومانغا ئاتاقلىق ئۆزبېك رەسساملىرى قىستۇرما رەسىملەرنى سىزغان.

مۇزېيغا قويۇلغان ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى ھەققىدىكى ئايبېكنىڭ «قۇياش قارايماس»، «ئالاۋلۇق يىللار»، «فرونت بويلاپ» قاتارلىق كىتابلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلاردىن كېيىن، يازغۇچىنىڭ «ناۋائىي» رومانىنىڭ 1944 - يىلدىكى

---

① ئۆزبېكلەردە ئۆزىدىن چوڭ ياشلىق ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ «ئاپا» دەپ ئاتاش ئادىتى بار. ئۇلارنىڭ تىلىدا «ئاچا - ھەدە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. — ئا.

بىرىنچى نەشرى قويۇلغان. «ناۋائىي» رومانى دۇنيادىكى كۆپ تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. جۈملىدىن مۇزېيغا بۇ رومانىنىڭ ئالمۇتا «يېڭى هايات» نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى قويۇلغان. مەن مۇزېينىڭ خادىمىدىن:

— «ناۋائىي» رومانىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىدىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— يوق، — دېدى ئۇ هەم هەيران بولغان، هەم زوقلانغان هالدا.

— «ناۋائىي» رومانىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى بىزدە ئىشلىنىپ بولدى، — دېدىم ۋە بۇ هەقتە بىلىدىغانلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم.

بۇ ئىلمىي خادىم مېنىڭ سۆزلىرىمنى قىزىقىپ ئاڭلىدى ۋە ئاخىرىدا ئەنە شۇ كىتاب بېسىلىپ چىققاندا مۇزېيغا بىر نۇسخا ئەۋەتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

مۇزېيغا ئايبېكنىڭ «ناۋائىي» رومانى ئۈچۈن 1946 - يىلى بېرىلگەن ستالىن مۇكاپاتى لائۇرېئاتىنىڭ (كېيىن دۆلەت مۇكاپاتى لائۇرېئاتىغا ئۆزگەرتىلگەن) دىپلومى ۋە كۆكرەك نىشانى قويۇلغان. مۇزېيغا ئايبېكنىڭ ئاكادېمىكلىق دىپلومى، «هەمزە» ناملىق ئۆزبېكىستان س س س ر دۆلەت مۇكاپاتى لائۇرېئاتى دىپلومى ۋە مېدالى، «ئۆزبېكىستان س س س ر خەلق يازغۇچىسى» دىپلومى ۋە مېدالى، ئايبېككە تەقدىم قىلىنغان ئۈچ دانە «لېنىن ئوردېنى»، «ئەمگەك قىزىل تۇغى» ئوردېنى قاتارلىق ئوردېن - مېداللار قويۇلغان.

مۇزېيدا يەنە ئايبېكنىڭ مەشهۇر پاكىستان شائىرى پەيزى ئەخمەت پەيزى ۋە هاپىز بىلەن، ئاتاقلىق يازغۇچى - شائىرلار سەدىرىددىن ئەينى، تىخونوۋ، سەمەت ۋۇرغۇن، بىردى كىرباباييېۋ، سابىت مۇقانوۋ، س. بىگالىق قاتارلىقلار بىلەن، شۇنداقلا غاپۇر غۇلام، ئابدۇللا قاهھارى، زۇلپىيەلەر بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەتلىرى بار.

ئايبېك ئۆيى - مۇزېينىڭ ئىككىنچى قىسمى قورۇنىڭ شىمالىغا جايلاشقان ئىككى قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، بۇ، يازغۇچىنىڭ هايات ۋاقتىدا ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان جايى. بۇ بىنادا ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئىشخانىسى، ياتاقخانىسى، دەم ئېلىش ۋە مېهمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۆيى قاتارلىقلار بار. بۇلار هەممىسى ئايبېك هايات ۋاقتىدا قانداق تۇرغان بولسا، شۇ بويىچە ئەينەن ساقلانغان. بۇ يەردە يازغۇچى ئەر - ئايال ئىككىسى ئىشلەتكەن تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن تارتىپ چەت ئەللىك مېهمانلار تەقدىم قىلغان سوۋغىلارغىچە هەممىسى رەتلىك تىزىلغان.

ئايبېكنىڭ ئۆي-مۇزېيىدا ئىككى نەرسە مېنىڭ دىققىتىمنى ئۆزىگە ئالاهىدە جەلپ قىلدى.

ئۇنىڭ بىرسى، موسكۋادا چىقىدىغان «لىتېراتورنايا گازېتا» («ئەدەبىيات گېزىتى»)نىڭ 50 - يىللاردىكى بىر سانىغا بېسىلغان ئوچېرك بولۇپ، ئۇ، ئەينەك رامكا ئىچىگە ئېلىپ قويۇلغان. بۇ ئوچېركتا مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ: ئايبېكنىڭ «ئالتۇن ۋادىنىڭ شامىلى» ناملىق رومانىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى شىنجاڭدا تارقالغاندا، ئۇنى ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئوفىتسېرى ئوقۇغان، رومانىنىڭ باش قەهرىمانى ئۆكتەمنىڭ سوتسىيالىستىك يېزا قۇرۇش يولىدىكى پىداكارانە ئەمگىكى بۇ ئوفىتسېرنى قاتتىق هاياجانلاندۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭۈل هېسسىياتىنى ئىزهار قىلىپ «ئۆكتەم»گە خەت يازغان. خەتنى «ئۆكتەم»نىڭ رومانىدا ئېيتىلغان «ئادرېسى»غا ئەۋەتكەن. پوچتالىيون شۇ «ئادرېس» بويىچە خەت ئىگىسىنى كۆپ ئىزلىگەن بولسىمۇ تاپالمىغان. تەبىئىيكى، ئۆز كەسپىگە پىششىق هەر قانداق پوچتالىيونمۇ ئۇنى تاپالمىغان بولاتتى. چۈنكى، كۆپ هاللاردا ئەدەبىي ئەسەرلەر قەهرىمانلىرىنىڭ ئىسىملىرى يازغۇچى تەرىپىدىن قويۇلۇپلا قالماستىن، ئۇلار ياشىغان جايلارغىمۇ يازغۇچى ئۆز

خامىشى بويىچە نام بېرىدۇ. ئۆكتەم ھاياتتا بار شەخس ئەمەس، بەلكى تىپىك ئادەم؛ ئۇنىڭ ياشىغان كولخوزىمۇ تىپىكلەشتۈرۈلگەن كولخوز؛ مۇنداق ئەھۋالدا خەتنىڭ ئىگىسى چىقماسلىقى تەبىئىي. ئاخىرى بۇ خەت «لىتېراتور نايا گازېتا» تەھرىر بۆلۈمىگە بارغان؛

تەھرىر بۆلۈمى بۇ خەتنى گېزىتتە تونۇشتۇرغان ۋە تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تەھرىر ئىلاۋىسى يازغان. 50 - يىللاردىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇشتەرىلىرى ئۈچۈن بۇ يېڭىلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى مەنمۇ بۇ خەتنى شۇ چاغدا «شىنجاڭ گېزىتى» دىن ئوقۇغانىدىم. ئارىدىن 30 نەچچە يىل ئۆتكەندە بۇ خەتنىڭ ئەينى نۇسخىسىنى ئايبېكنىڭ ئۆي - مۇزېيىدا كۆرۈپ، ئىختىيارسىز خىيالىم ئۇزاق ئۆتمۈشكە كەتتى. ئايبېك ئەينى چاغلاردىلا ئېلىمىزدە ئەنە شۇنداق زور تەسىر قوزغىغان يازغۇچى ئىدى!...

مېنىڭ دىققىتىمنى جەلپ قىلغان يەنە بىر نەرسە، مۇزېيغا قويۇلغان ئاددىي ياغاچ قىلىچ بولدى. مۇنداق ياغاچ قىلىچلارنى بىزدە چامباشچىلار ئىشلىتىدۇ. مېنىڭ بۇ قىلىچقا زوقلىنىپ قاراۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن مۇزېي خادىمى ماڭا مۇنۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: يازغۇچى ئايبېك ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان. دوختۇرلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بېيجىڭغا كېلىپ داۋالانغان. ئۇ، كېسەلخانىدا باشقا جۇڭگولۇق كېسەللەر بىلەن تېزلا دوست بولۇپ كەتكەن. ئېلىمىزنىڭ دوختۇرلىرى ئايبېكنى يىڭنە سانجىش ھەمدە چېگۇڭ (يەل گۈمبەسى) ئويناش ئۇسۇلى بىلەن داۋالىغان، بۇنىڭ ئۈنۈمى بولغان. ئايبېكنىڭ سالامەتلىكى بىر قەدەر ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ۋەتىنىگە قايتماقچى بولغان. كېسەلخانىدا بىللە ياتقان جۇڭگولۇق كېسەلداشلىرى ئۇنى قىزغىن ئۇزىتىپ، مۇشۇ ياغاچ قىلىچنى تەقدىم قىلغان.

مۇزېي خادىمى ماڭا مۇشۇلارنى سۆزلەپ بېرىپ:

— بۇ قىلىچنىڭ سېپىدا بىر نەچچە خەنزۇچە خەت بار ئىكەن، بىز ئۇنىڭ نېمە خەت ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق، — دېدى.

مەن قىلىچنى قولۇمغا ئالدىم. ئايبېك بۇ قىلىچتا كۆپ مەشىق قىلغانلىقتىن ئۇنىڭ بىرلىرى كۆچۈپ، سەل - پەل مايلىشىپ قالغانىدى. قىلىچنىڭ سېپىدا خەنزۇچە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

بەشىنچى پالاتادىكى كېسەل دوستلىرىڭىزدىن تەقدىم.

مەن خەنزۇچە خەتلەرنى كۆرگەزمە خادىمىغا ئەينەن تەرجىمە قىلىپ بەردىم.

يازغۇچى ئايبېك ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ 20 توملۇق تولۇق ئەسەرلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان كۆپلىگەن ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرى يېزىلغان.

مەن ئايبېك ئۆي - مۇزېيىدىن چىقىۋېتىپ، بۇ ئىستېداتلىق يازغۇچىنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردۈم، ئۇنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن بۈيۈك تۆھپىلىرىدىكە ئاپىرىن ئوقۇدۇم ۋە يەنە كۆپلىگەن ئايبېكلارنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلدىم.

(داۋامى كېيىنكىساندا)



مۇھەممەتجان راشىدىن

كېلىمەن بىر غورۇر ئىلكىدە ياشاپ،
ئەر يەتتىم سەنئەتتىن ئالغان نەپەستە.
ئەسلىسەم، خارلانغان يىللىرىمىدىمۇ
تۇتۇپتۇ شۇ سەنئەت ماڭا گۈلدەستە.

ئۇنىڭدىن بەختىمنى بىلگىنىم راستتۇر،
بالىلىق چېغىمدا تەمبۇر، دۇتارنىڭ.
تونۇتتى مۇقاملار ئەسلى زاتىمنى
ئىڭگىرىغان كۈيىدە مۇڭلۇق ساتارنىڭ.

تۇيۇلار سەنئەتسىز دەشتى - چۆل گويا،
ئويلىساڭ، ئارىسى ئىككى دۇنيانىڭ.
مىڭ شۈكرى، قالمىدۇق بىز شۇ چۆللەردە،
كېلىمىز قوينىدا ئۈزۈپ دەريانىڭ.

يوق چۈنكى، ئۇسسۇلغا قول كۆتۈرمىگەن،
ئۇيغۇرنىڭ نەسلىدە بىر ئوغۇل، يا قىز.
بىلسەڭلار، شۇ سەۋەب ئالەمدە ماڭا،
ھېچنەرسە تۇيۇلماس سەنئەتتەك ئەزىز.

دۇنياغا كەلگەننىڭ رىزقى نان، لېكىن —
بىز ئۈچۈن زۇلمەتتۇر سەنئەتسىز ھايات.
سەنئەتتۇر، ئۆزىمىز سۇنساقمۇ قانچە،
ئەسىرلەپ سۇنمىغان بىزدىكى قانات.

تۈنۈگۈن ساقىدى كۆكتىن بىر چولپان،
نە چولپان، ئايرىلدۇق بىز داۋۇتجاندىن.①
ئۇ كەتتى، ۋە لېكىن قالدى ئاۋازى
ھېكمەتلەر قالغاندەك خۇددى لوقماندىن.

بار بىزنىڭ ئاشۇنداق چولپانلىرىمىز،
ۋەتەنگە بىرىدىن بىرى قەدىرلىك.
بىرلىرى ناخشىدا بۇلبۇلغا ئۇستاز،
بىرىنىڭ ياڭراتقان كۈيى تەسىرلىك.

بەختنى چىللايدۇ ئىنسانغا بىرى،
جاھالەت يىغلايدۇ بىرىنى كۆرسە.
بىرىدە يالداما ئامانىسادىن —
بار، ھەركىم ئەرزىيدۇ كۆزىگە سۈرسە.

بىرىدە مەردىكەبار، بىرىدە شادلىق،
ھەر كىمنىڭ جانانى ناخشا - كۈي دېگەن.
ھەر بىرى بىر بۇلبۇل سەنئەت ئەھلىنىڭ،
سەنئەتنى سۆيمەيدۇ ئەلنى سۆيمىگەن.

كېلىدۇ ئۇزاقتىن بىزنىڭ ناخشىلار،
شېھىدلار شەنىگە ئوقۇپ قەسىدە.
مۇقاملار بىزگە تۇغ، كەچمەيمىز مەڭگۈ،
ئۇ بىزگە ئاق سۈتتىن سىڭگەن ئەقىدە.

ناخشا - كۈي كۆلدۈرۈپ كەلگەن جاھان بۇ،
بىلدۈرۈپ نەپرەت ۋە مۇھەببەت نېمە؟
گۆدەكلەر ئالىدۇ ئاشۇلاردىن دەرس،
چۈشىنىپ دەرد نېمە، مۇشەققەت نېمە؟

قەلبلەر تېگىدە شۇلارنىڭ نۇرى،
كۆكتىكى قۇياشنىڭ پارچىسى شۇلار.
باھار بار شۇلارنىڭ تەبەسسۇمىدا،
بەختنىڭ كۈيچىسى، جارچىسى شۇلار.

بىز شۇنداق باي خەلق، گۈزەل ئادەملەر،
باغ دېسەك ئەرزىيدۇ ۋۇجۇدىمىزنى.
نۇر چېچىپ چولپانلار ناخشىلار بىلەن،
لەرزىگە كەلتۈرۈپ تاغۇ - دېڭىزنى.

1988- يىل ئۆكتەبىر، غۇلجا

① داۋۇتجان — ئاتاقلىق ناخشىچى داۋۇتجان ئاسىرى

# كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى ئوچېركلىرى



نىزامىدىن ھۈسەيىن

## 2. تارىختىن كەلگەن نەسىلەك

ئاتقاۋ ئەلنىڭ ھارامدىن دوللىسى بولىدۇ.
— (قازاق خەلق تەمسىلى)

### 1. مىراسخور گېزەندىلەر

#### ئا. قارا كۆلەڭگىلىك «خان»، «پادىشاھ» خوجىلار توغرىسىدا

مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئۆتكەن يىل 6- سانىدا قىسمەن نام، نەسەب ۋە بىزدىكى قىلمىش، قىسمەتلىرى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەن بىر قىسىم مەشھۇر ھۆكۈمران خوجا - ئىشانلارنىڭ، بولۇپمۇ تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر سوپىزم - تەرىقەت «داھىي»لىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان چوڭ روھانى — خوجا مەخدۇم ئەزەم نەسەبلىرىدىن بولغان خوجا - ئىشانلارنىڭ بىر قىسمى — بىزنىڭ يۇرت - ماكانلىرىمىزدا داۋام ئەتكۈزگەن «دۇئا - تالاۋەت»، «دىنىي تەرىقەت» ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىلىرىنى 17- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن خېلى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي تەقدىرى (ئىدېئولوگىيە، سىياسىي، دىنىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، ئىقتىسادىي .... ساھەلىرى بىلەن مۇكەممەل قۇرۇلما ئۇستۇنلۇكىنى ساقلاپ كەلگەن مۇكەممەل، خاس تۈزۈملىك مىللىي ھاكىمىيەت تەقدىرى)نى قوللىرىغا كىرگۈزۈش، كونترول قىلىش بىلەن ئاقىۋەتلىنىشكەنىدى. بۇ خىل ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىنى ھاسىل قىلغان خوجا - ئىشان، «پىرزات»لارنىڭ ئاساسلىق «خان»، «پادىشاھ»لىقلىرىنى ھەم ئۇنداق «ھاكىمىيەت»لەرنىڭ «خانى»، «پادىشاھى» بولغان «ئۇلۇغ زات»لىرىنى تارىخىي دەلىللەر ئاساسىدا ھەقلىق ھالدا قوش قىياپەتلىك، قوش نىيەتلىك ياكى قارا كۆلەڭگىلىك «خان»، «پادىشاھ»لار يەنى ئۆز «تاپانچى»، «ئۇلۇغ»لىرى ئالدىدا ئىبىشەك قىياپىتىدە، ئەجدادلىرىمىز ئالدىدا - مۇسۇلمان بەندىلەر ئالدىدا بۆرە قىياپىتىدە «جاھان تۇتقان»، قەلبلىرىدىن، ۋىجدان، ھەق - ئادالەت تايانچىسى يوق، پەۋقۇلئاددە مەنپەئەت خۇمار «شەيخۇلئىسلام»لار تۈركۈملىرىدىن




* بېشى ئۆتكەنكى سانلاردا

كۆزدىتىپ چىقىش، شەرھىلەش توغرىسىدا كېلىدۇ. بۇ خىل ئالدىنقى باسقۇچتىكى تارىخىمىزدىكى مەشھۇر سەئىدىيىلەر ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ كېيىنكى داۋام[illegible] قىلىپ، 1678- يىلىدىن ئېتىبارەن قەشقەردە جۇڭغار ھۆكۈمرانلىقى پاناھلىقىدا «ھاكىمىيەت» تىكلىگەن ئاپپاق خوجا «خان»لىقى زامانىدىن تارتىپ، مىلادى 1760- يىللىرى ئەتراپىدا مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلگەن بۇرھانىددىن خوجا «خانلىقى»زامانىغىچە سوزۇلغان بىر زامانلىق جاھالەتچىلەر سىياسىي ھاكىم مۇتلەقلىقى زامانى — (پەۋقۇلئاددە زۇلمەتلىك قاراڭغۇ زامان) ئالاھىدىلىكى بىلەن خاراكتېرلەش لازىمدۇر. بۇ خىل سەلبىي ئاقىۋەتنىڭ تۈپ يىلتىز مەنبەسى — پەقەت خوجا مەخدۇم ئەزەم «دىنىي» ئىدىيىسىنىڭ يەنى ئىشانلىق ئىدىيىسىنىڭ مەڭگۈزىددىيەتلىك كۆرەش چاردىسى يەنى قوش تارماقلىق كۆپ خىل «دىنىي» ئاقىۋەتلەر پەيدا قىلغان قەبىھ كۆرەش تاكتىكىسى (ئاپپاق خوجىنىڭ «ئاق تاغلىق»چىلىق كۆرەش چاردىسى بىلەن دانىيال خوجىنىڭ «قارا تاغلىق»چىلىق كۆرەش چاردىسى)دىن ھاسىل بولغان مەنبەدۇر. بۇ خىل مەنبەنىڭ ئەينى زامان جەمئىيىتىدىكى شەكلى - ئىپادىلىرى توغرىسىدا 19- ئەسىردە ياشاپ ئىجاد قىلغان مەشھۇر ئۆلىما ۋە ئاتاقلىق مۇسۇلمان تارىخچى موللا مۇسا بىننى خوجا ئەيسا سايرامى مۇپەسسەل توختىلىپ مۇنداق يازغاندۇر: «... گەرچە ئۇلار بىر دىن، بىر مەزھەب بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىككى پىرقە ھەتتا بىر قانچە تائىپىلەرگە بۆلۈنۈپ، بىر - بىرىگە ھەسەت ۋە ئاداۋەت قىلىشىپ، بىر تائىپە بىر سەئىدكە ئىناۋەت، ئېتىقاد قىلىشىپ، يەنە بىر سەئىدكە ئىنكار ۋە ئاداۋەت كۆرسىتىپ ئۆزىگە ‹ئاق تاغلىق›، ياكى‹قاراتاغلىق› دەپ ئات قويۇپ، ئۆزلىرىنى ھالاكەت ۋە زالالەتكە سېلىپ، ئىتتىپاقسىزلىق قىلىپ بۇ يۇرتلارنى ۋە يۇرت ئادەملىرىنى قالماق ياكى خىتايغا — (مانجۇلارغا دېمەكچى — ئا) تەۋە قىلىپ بېرىپتۇ. ھەتتا بۇنداق ئەقىدە ۋە نالايىق ئىشلارنى ئۆزلىرىگە لايىق ۋە مۇناسىپ كۆرۈپ، بۇ ئىشلارنىڭ يامان ۋە شۇملۇقىنى ئايرىپ ئالالماپتۇ. بەلكى بۇ خىل جاھىل، ۋاپاسىز، مەككار سوپىلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلغان قىلمىشلىرىدىن ھايا ۋە ياكى نومۇس قىلماپتۇ...» («تارىخىي ھەمىدىيە» 141- بەت).

ئەزەلدىن مۇكەممەل مىللىي ئەنئەنىلىرى بىلەن شۆھرەتلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بۇ خىل سەلبىي قىسمەت ئاقىۋەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە داۋام ئەتكۈزگەن يۇقىرىقى قوش قىياپەتلىك «خان»، «پادىشاھ» خوجىلارنىڭ ۋە ئۇلار بەرپا قىلىشقان ھەر خىل «دىنىي ھاكىمىيەت»، «خان»لىق، «پادىشاھ»لىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تارىخىمىزدا ئۆز نەپسى شۆھرەتلىرى ئۈچۈن: 1) مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزغا ئەمەس، نامۇسۇلمان جۇڭغار، مانجۇ زالىم ھۆكۈمرانلىرىغا ئېتىقاد باغلىغان، خىزمەت كۆرسەتكەن، ئۇلار ئۈچۈنجان كۆيدۈرگەن؛ 2)تارىخىمىزداقانخور، ئىستىبدات كۈچلەرنىڭ قانلىرىنى ئەمەس، شۇلارنىڭ پايدىلىرى ھېسابىغا ساناسىزلىغان پاك دىل، ئىسلامغا سادىق، مۆمىن، گۇناھسىز مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ پاك قانلىرىنى تۆككەن، خارىزار قىلغان، قۇللۇققا باغلاپ بەرگەن؛ 3) يۇرت - ماكانلىرىمىزنىڭ، مىللەت ۋە خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي تەقدىرى- قىسمەتلىرىنى، ئىسلام دىنى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى، مىللىي بارلىقىمىزنى پاجىئەلىك كەچۈرمىشلەرگە دۇچار قىلغان — (بۇزغان، خاراب قىلغان، شۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە قۇربان قىلىپ بېرىشكەن ...). قىسقىسى بەزى تارىخىي

مەنپەلەردە تەكىتلەنگەندەك: ئەجدادلىرىمىزنى خان-خوجاملاردىن دۇئا ئېلىپ، قالماق ... مانـجۇلارغا سالام بېرىپ، «پىر»، «سەئىد»لەرگە سەدىقە، پىتىر تارقىتىپ، قالماق ... مانجۇلارغا يەر تېرىپ، مال بېقىپ، «قالماققا بوز، مانجۇغا سوز قىلىپ» — (قالماقلارغا رەخت توقۇپ تون كىيدۈرۈپ، مانجۇلارنىڭ دېگىنىدەك كىرىپ، ئەلۋەتتە)، «ئىبادەت» تىلا ئۆرە، بويسۇنۇشتا يۈكۈنۈپ ... زالىم كۈلسە كۈلۈپ، يىغلىسا يىغلاپ، بۇيرۇغانغا مېڭىپ، بەرگەنگە شۈكرى ... قىلىپ تۇرۇشىدىغان بالايى - ئاپەتلىك تەقدىرى - قىسمەتلىرىگە گىرىپتار قىلىشقانلىقلىرى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى ھەقلىق ھالدا تارىخىمىزنىڭ كەچۈرگۈسىز جىنايەتچىلىرى — كونا جەسەت — (مەخدۇم ئەزەم جەسىتى)دىن كۆكلىگەن يېڭى شۇمبۇيىلار ياكى مىراسخور گېزەندىلەر دەپ تەرىپلەيمىز. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە 17-، 18- ۋە 19- ئەسىر داۋامىدا بىزگە «خان»، «پادىشاھ»لىق قىلىشقان ئاپپاق خوجا — (ئۇنىڭ «خان»لىق دەۋرى 1678- يىلىدىن 1694- يىلىغىچە 16 يىل)، دانىيال خوجا — (ئۇنىڭ چىقىپ چۈشۈپ تەپكى «خان»لىق قىلغان دەۋرى 1697- يىلىدىن 1734- يىلىغىچە 37 يىل)، ياقۇپ خوجا — (جاھان خوجا)، يۈسۈپ خوجا، ئەييۇپ خوجا، ئابدۇللا خوجا كىچىك «خان»لىقلىرى دەۋرى — (1734- يىلىدىن 1745 - يىلىغىچە 11 يىل)، بۇرھانىددىن خوجا — (ئۇنىڭ تەپكى «خان»لىق قىلغان دەۋرى 1757- يىلىدىن 1760- يىلىغىچە 4 يىل)، ۋەلىخان خوجا - (ئۇنىڭ «خان»لىق قىلغان، «غازات» ئاچقان چاغلىرى- (چىقىپ - چۈشۈپ) 1865- يىلىدىن 1866- يىلىغىچە ئازكەم 2 يىل) قاتارلىق «خان»، «پادىشاھ»لارنىڭ ئەسلى نىقاب خاراكتېرى بىلەن «ھاكىمىيەت» تۈزۈلمىلىرى زادى قانداق نېمىدى؟ مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ «دىنىي نىقاب مەزھىبى»نى دىنىي مەزھەب دېگەندىن كۆرە سىياسىي گۇرۇھ، سىياسىي سەپ دېگەن تۈزۈك كىرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ «ھاكىمىيەت»لىرىنى بولسا، تارىخىمىزدا ئۆتكەن مىللىي ھاكىمىيەتلەر تۈركۈملىرىدىن ئەمەس، تەرىقەت «ھاكىمىيەت»لەر قاتارىدىن تونۇشقا توغرا كېلىدۇ. «ھاكىمىيەت» تۈزۈلمىلىرىدا خوجا - ئىشانلار «خان»لىق باشقۇرۇش ئىدىيىسى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن، «تەرىقەت» — سوپىلىق ساھەسىدە ھەر قايسى جايلار (تەۋەندىن يۇقىرىغىچە بولغان بارلىق جايلار) نىڭ ھەممە دىن، ھاكىمىيەت، سىياسەت، ئىجتىمائىي ... ھوقۇقلىرى «خان»، «پادىشاھ» خوجاملارنىڭ «مۇرىت»، «سوپى»لىرى قوللىرىغا مەركەزلەشكەن، ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرى يەرلىك مۇتىۋەرلەردىن، جامائەت چوڭلىرىدىن، مەمۇرىي مۇلازىملاردىن يۇقىرى قويۇلغان، ھېچقانداق كونكرېت تەشكىلىي سىستېمىسى بولمىغان، ئۆز بېشىمچىلىق، زۇلۇم چېكىدىن ئاشقان، «دىنىي تەرىقەت بىلەن ھاكىمىيەت»، «دىن» بىلەن سىياسەت بىرىكىپ، مۇكەممەل جاھالەت ئىستىبداتلىقنى شەكىللەندۈرگەن بۇ خىل قاراڭغۇ «ھاكىمىيەت»لەرنى قانداقمۇ تارىخىمىزدىكى مىللىي ھاكىمىيەتلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكىلى بولسۇن؟

بەزىبىر خوجا - ئىشان خۇشامەتچىلىكى بىلەن «شۆھرەت» لىنىپ كەلگەن يالغانچى مۇئەللىپلەر بىلەن يەنە باشقا بەزىبىر سوپى كاتىپلار ئۇلارنىڭ تارىختىكى «خاسىيەت»، «ماھارەت» ۋە «خىسلەت»لىرى — (ئەمەلىيەتتە خۇنخورلۇق قىلمىش ئۇسۇللىرى، ئەلۋەتتە) توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىپ، قانداقتۇر ئۇلار «... ئاللاھ تائالا ئىككىلا ئالەملىك زىرەك، دانالىق خىسلىتىنى ئاتا قىلغان»، «قۇدرەتلىرى ئالەمگە تەڭ»، «قۇۋۋەتلىرى چەكسىز»، «پۈتۈن ئالەمنىڭ سېھىرىي - ھېكمەتلىرىگە مۇئەككىل»، «كارامەت كاتىبى» (پۈتۈن كارامەتلەرنىڭ دەپتەردارى — ئا)،

www.uyghurkitap.com

«بىر دۇئا بىلەن ئاسمان - زېمىننى زىلزىلىگە سالالايدىغان، بىر قارغىش بىلەن [illegible] جىن - ئالۋاستىغا، جىن - ئالۋاستىنى ئادەمگە سۈرىتى مۇبەددەل قىلىپ تاشلايدىغان... [illegible] ئەگەشمىگەن، ئىشەنمىگەن، شەك كەلتۈرگەن ھەر قانداق پاك مۇسۇلماننى «ئەھلى دوز[illegible]» بەنت قىلىپ قويالايدىغان، نەزەرلىرىدىن ئۆتۈپ، دۇئا ئېلىپ، كارامەتلىرىگە تەن بېرىپ تۇرۇش شەرت بولغان ئۇلۇغلاردىن ئىدى...» دەپ يالغان «خاسىيەتنامە»لەرنى پەيدا قىلىشقان ۋە قىلىشماقتا.

پاھ، بۇ، نېمىدېگەن تەڭداشسىز «خاسىيەت»، نېمىدېگەن «ئۇلۇغ»لۇق - ھە؟ تارىختا پەقەت ئۆزىنىڭلا پىكىر - خىيالىنى چىقىش قىلغان، ئۇنىڭ قىممىتى توغرىسىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىشنى تارىخ ھۆكمىگە تاپشۇرۇشنى رەت قىلغۇچى، پەۋقۇلئاددە قارام بەدنىيەت، «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» - (ئاللاھ بىلەن ۋۇجۇدى بىر - ۋۇجۇدى بىرلىكتە بولغۇچى - ئا)لۇقنى دەۋا قىلىشىدىغان، غايە دېگەن نەرسە يوق، چىرىكلىشىپ ۋىجدانسىزلىشىپ، دىنىنى يوقاتقان، ئورۇن، شۆھرەت، بايلىقنى «ئىمان»، «ۋىجدان» قىلغان، ئۆزلىرىنى تارىختا «مەڭگۈ خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ئەۋلىيا»دېپ بىلىشىپ ئالەمدىن كەتكەن بۇ خىل قارابىس شەخسلەرنى يۇقىرىقىدەك پەردازلاپ تەرىپلەش - مېنىڭچە قارا يۈزلۈك، خۇشامەتنى ئېتىقاد مەنبەسى قىلغانلىقتۇر. بۇ: «ئىت ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى ئۆزىنىڭ خۇداسى دەپ بىلىدۇ، بۇ خوجايىن بولسا ئەڭ رەزىل ئادەم بولۇشىمۇ مۇمكىن ...» دېگەن سۆزنى مىسالىغانلىقتۇر. تارىخنىڭ رېئال جەريانلىرىدىن بىز ئۇلارنى: راستىنلا ئۆزلىرىنى بۇ ئالەمدە بىلمەيدىغانلىرى يوق، ھەممىنى ئېنىق كۆرۈپ، بىلىپ تۇرالايدىغان، بارلىق ئىنسانلارنىڭ مەقسەت - مۇددىئالىرىغا ۋەكىلىك قىلالايدىغان، قوللىرىدىن ھەر قانداق ۋە ھەممە ئىش كېلىدىغان، ئىنسانچىلىقى غۇبارسىز، ھەرىكەتلىرىدە قىلچە سەھۋە - خاتالىق «كۆرۈلمەيدىغان»، ئۆز قارىشىدىن باشقا بارلىق قاراشلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىشنى ئادەت قىلغانلار ... دېگەندەك سۈنئىي سۈپەتلەر بىلەن پەرداز قىلىشقان، بويىنى قاتتىقلىقى ۋە مۇستەبىتلىكىدىن نىيىتى ئۆزلىرىنىڭ نىيىتى بىلەن بىر ئەمەسلىكى سېزىلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە زوراۋانلىق، ئەجەل يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان پەۋقۇلئاددە ئۇستات، ھىيلە - مىكىرلەرگە كامىل، مەككار، ۋاپاسىز جاھىل يالغان دىنچى، يالغان تەرىقەتچى مەلئۇن بەدنىيەتچىلەر قاتارىدىن قارىلايمىز. بۇ يەردە شۇنىمۇ شەرھىلەش زۆرۈركى، ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ سوپىزم ئەقىدىسىنى ئۆز مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرۇپ پايدىلانغان يالغان «دىن»دارلاردۇر. ئۇلارنى قانداقمۇ ئىسلام دىنىنىڭ سوپىلىق مەزھىبىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان، ئۇنى قوغدايدىغان ھەقىقىي دىنىي سوپى، ھەقىقىي دىنىي ئىشان دېگىلى بولسۇن. بۇ يەردە ھازىرغىچە لىك مۇشۇ خىل ئېتىقادنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي يۈرگەن سوپى - زاھىد تەقسىرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ھېيداشلىرىغا سوپىلىق ئېتىقادىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى يەنە بىر قېتىم تۆۋەندىكىچە ئىزاھلاپ بېرىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە.

—— سوپى - دەرۋىشلىك دېگەن نېمە؟ دەرۋىش - (ئىشانلىق ئېتىقادىدىكىلەر — ئا) شۇنداق كىشىدۇركى، ئۇ مۇجەررەت — (يالغاچ — ئا) بولىدۇ. يەنى دۇنيالىقتىن ھېچنەرسىسى بولمايدۇ ... دۇنيا ئىشلىرىدىن «تەجرىد» يەنى دۇنيانىڭ لەززىتىدىن، مال - مۈلكىدىن قولىنى تارتىشتۇر. «تەستىق» يەنى تەڭرىگە رازى بولۇپ بويسۇنۇشتۇر ۋە ھەقتائالا يولىدا دۇنيادىن ئۈزۈلۈپ تەنھا ۋە يوقسۇل ئۆتۈشتۇر.

ھەقىقىي سۆيۈ - دەرۋىش شۇدۇركى: پالانى مەيدىن ئارتۇق بولامدۇ؟ دەپ قەلبىدە، ھەسەت، كۆلدەشلىك، مەينەتلىك قىلمايدۇ. ئۇنىڭ نەزەرى — دۇنيا لەززەتلىرىدىن، راھەتلىرىدىن كېچىپ ئۆزىنى تەڭرىگە تاپشۇرۇشتا ۋە يەككە - يېگانە ئاللاھتىن ئىبارەت مەھبۇب ئىشقىدا كېچە - كۈندۈز يېنىپ، ساداقەت بىلەن ھايات ئۆتكۈزۈشتە. ھەقىقىي سۆيۈ - دەرۋىش ھېچنەرسىگە ئىگىلىك نەزەرى بىلەن قارىمايدۇ. خەلققە نىسبەتەن گۇمان، خاتا پىكىردە بولمايدۇ. ھەر نەرسىگە ئادىل، توغرا قارايدۇ ... ھەر قاچان خۇدانىڭ رازىلىقىنى ۋە دىدارىنى ئىزلىسۇن. تەڭرىنىڭ ئەمرىنى تۇتسۇن. شەرىئەتكە تەۋە بولسۇن. دىلى ۋە تىلى پاك بولسۇن. كىشىگە تەئەددى ۋە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىسۇن. كىيىملىرىنى ئۆزى يۇيۇپ كىيسۇن. ئاننى ياخشى كۆرگەي. خەلق يىغىنلىرى - مەجلىسلەرگە بارسا نەدە ئورۇن بولسا، شۇ يەردە ئولتۇرغاي. ھەر ئىش قىلسا، خەلق ئارىسىدا ئاشكارا قىلغاي. بىر كىشىنىڭ خاتالىقى بولسا، ھاقارەت قىلىپ سۆكمىگەي. مەجلىسلەردە تولا گەپ قىلمىغاي ... خىيانەتكارلىق، مۇناپىقلىقتىن ئۆزۈڭنى ساقلىغايسەن. كۆزۈڭنى، تىلىڭنى ۋە قولۇڭنى ھارامنى كۆرۈشتىن، سۆزلەشتىن، تۇتۇشتىن ساقلىغايسەن ...

— («قابۇسنامە»دىن)

* * * «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار»دىن * * *

«... قالماقلارنىڭ يارىدىمى ئاستىدا خوجىلارنىڭ دۆلەت چىرىغى يانغان زاماندىن باشلاپ، بۇ خوجىلار بەزىدە تەرىقەتنىڭ زىكىر ۋە پىكىر يولى بىلەن ئىبادەت قىلىپ ئاللاھتىن مەدەت تىلەشكە شۇغۇللانسا، بەزىدە ئەيشى - ئىشرەت، نەغمە - ناۋا ۋە چاي بىلەن بەزمە قىلىپ، نەپسپەرۋەرلىككە شۇغۇللىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن پۇقرا ۋە خالايىقنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالمايتتى ... خۇددى ئاچ بۆرە شەكلىگە كىرىپ، بۆرە قويغا چاپقاندەك پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىگە، ھەتتا ئۇلارنىڭ جان - ئىمانىغا قاتتىق زۇلۇم سېلىشقا باشلىدى ... پۇقرالارنىڭ ئەھۋالى خاراب ۋە ۋەيرانچىلىققا يۈزلەندى. ھەتتا ئۇلار ئۆي - ماكانلىرىدا ئارام ئالالماي ۋە تۇرالماي جاڭگال، جەزىرىلەرگە قېچىپ كېتىپ، كۈن ئۆتكۈزىدىغان دەرىجىگە يەتتى. كېچىلىرى ئۆيلىرىگە مەخپىي كېلىپ، تاپقانلىرىنى غىزا - تاماق قىلىپ يەپ، قازان - تاۋاقلىرىنى ساقلىماي، بۇلاق ۋە چوڭقۇر يەرلەرگە تاشلاپ، كىشىگە ئەسلا كۆرۈنمەي، جېنىنى ساقلايدىغان بولدى. يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدىن تاقەتلىرى تاق بولۇپ، چىداشقا ھېچ دەرمانلىرى قالمىدى ... ئەنجان تەرەپتىن خوجىلار كەلسە، ئاق تاغلىقلارنىڭ جاھان ئاپتىپى چىققاندەك بولۇپ خۇشال - خۇرام بولۇپ كېتەتتى. قارا تاغلىقلار بولسا، بېيجىڭدىكى خوجىلارغا نەزىر - ھەدىيە ئەۋەتىپ مەدەت تىلەيدىغانىدى ...»

— («تارىخىي ھەمىدىيە» 142 — 143- بەت)

يۇقىرىدا تەرىپلەنگەن خوجا - ئىشان «خان»، «پادىشاھ»لار قۇرغان، پەيدا قىلىشقان ئاتالمىش «خانلىق»، «پادىشاھلىق»لارنى بولسا، ئەمەلىيەتتە سىياسىي جاھالەت ئىستىبداتچىلىقى تازا راۋاج تاپقان، كۈچەيگەن، قوش خوجايىنلىق «خان» خوجام، «پادىشاھ خوجام»لارنىڭ ھۆكۈمرانلىق خورىكى تازا ئۆسۈپ كەتكەن، دۇنيا - دەپىنلىرى نىسابىدىن ئېشىپ كەتكەن، «شۆھرەتلىرى» دۇنياغا يېيىلغان — خۇددى ھۆرمەتلىك ئەدىب - ۋەقەشۇناس ھاموت ئىسلام ئۆزىنىڭ «بەلەن» گەپلىرىدە تەكىتلىگىنىدەك «دەۋزىخىلەر خانلىقى»، «چايان قىسماق»، «قارا ھاكىمىيەت»، «قالماق ھاكىمىيەت»... لەر («خان»، «پادىشاھ»لىقلار — ئا)قاتارىدىن ئاتاش، كۆزدىمىش توغرا كېلىدۇ. «خان»، «پادىشاھ»لار ۋە ئۇلارنىڭ قول - قاناتلىرى چەكسىز ئىمتىياز، ھوقۇق ئىگىلىگەن، مۇسۇلمانلار نازارەتلىرىگە ئۇچرىمايدىغان، مۇتلەق توغرا بولۇش تۇيغۇسى، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇش تۇيغۇسى، خالىغاننى قىلىش تۇيغۇسى، ئۆزلىرىنى پەۋقۇلئاددە يوغان تۇتۇش تۇيغۇسى ... دېگەن ھارامخور كىشىلەر ئۇيۇشمىسى ھېسابلىنىدىغان بۇنداق «ھاكىمىيەت»لەر بىزنىڭ تارىختىكى نەس ئىسكەنجىلىرىدۇر. ئەمەلدا

www.uyghurkitap.com

بولۇپ بايلىق توپلاش، دۆلەت بىلەن «خان» بولۇش، جاھان سوراش، قولغا كەلتۈرگەن مالنى بىلىش، ھوقۇقتىن پايدىلىنىش، بىر-بىرىگە پايدا يەتكۈزۈش، بىر-بىرىدىن كېلىدىغان ھوقۇقنى بايلىققا ئۆزگەرتىش ۋە ھوقۇق بىلەن بايلىقنى بىر بىلىش... كە زوقمەن بولۇپ كەتكەن ئالامان «ئۇلۇغ» دېگىلى بولمايدىغان «پىر»زادىلار قۇراشتۇرغان بۇنداق «ھاكىمىيەت»لەرنى بىز تارىخىمىزدىكى «مىللىي ھاكىمىيەت»لەر تۈركۈمىدىن زادىلا ئېتىراپ قىلالمايمىز، قالماق، مانجۇ ئىستىبداتلىرى پەيدا قىلغان «قورچاق» — ساتقۇن «ھاكىمىيەت»لەر قاتارىدىن تونۇيمىز.

* * * «تەنەپپۇسلۇق سۆزلەر»دىن * * *

بىر ئادالەتسىز پادىشاھ تەقۋادار كىشىدىن سورىدى: خۇداغا قايسى ئىبادەتنى قىلغان ياخشى؟

تەقۋادار جاۋاب بەردى: ساڭا چۈشكىچە ئۇخلاش ھەممە ئىبادەتتىن ياخشى. چۈنكى شۇ كەمچىلىك خەلق سېنىڭ ئازابىڭدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

... ھوججاج (كىشى ئىسمى — ئا) ئۇنى قېشىغا چاقىرتىپ دېدى: ماڭا ياخشى بىر دۇئا قىلىپ قويساڭچۇ!

دەرۋىش دېدى: خۇدا ئۇنىڭ جېنىنى ئالغىن.

ھوججاج چۆچۈپ سورىدى: خۇدا ھەققى بۇ قانداق دۇئا؟

دەرۋىش دېدى: بۇ سەن ئۈچۈن ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى دۇئا.

ئەي زالىم يېتەر خەلققە ئازارىڭ،
قاچانغىچە قايىنار بۇ بازارىڭ.
سەلتەنەت سۈرمەك نە كېرەك ساڭا،
خەلقنى ئەزگەندىن ئۆلگىنىڭ ئەلا.

— شەيخ سەئدى

* * *

ئالۋاستىلار ھەممىشە ئىنسانلارنى يورۇقلۇقنىڭ پەرىشتىلىرى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئېزىقتۇرىدۇ.

— شېكسپىر

## ب. تارىخىمىزدىكى پاي - پەتەك خوجىلار توغرىسىدا

ناۋادا ھاياتنى خارلىنىش ۋە ھاقارەتلىنىش بەدىلىگە تېگىشىشكە توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا ئۆلۈش بۇ ئىشلارنى قىلىشتىن كۆپ پاك، كۆپ يۈكسەكتۇر.

— ۋ. ئا. سۇخوملىنسكى

ئىنسان ئۈچۈن تاج كىيمەك شەرت ئەمەس، لېكىن نومۇس، ۋىجدان ئىگىسى بولۇش شەرت.

— ناۋائى

خوجا - ئىشانلار پەيدا قىلغان يوقىرىقىدەك سىياسىي «ھاكىمىيەت»لەر (مىراسخور گېزەندىلەر تەپكە «ھاكىمىيەت»لىرى) نىڭ كېيىنكى ياسقۇچلۇق جەريانلىرىنى — ئومۇمەن مىلادى 1760- يىللاردىن يەنى خوجا - ئىشانلار «خان»، «پادىشاھ»لىقلىرى تۈگەشكەن، جەمئىيەت ۋەزىيىتى، جەمئىيەتنىڭ ھاكىمىيەت تەقدىرى تۈپتىن ئالماشقان ياكى يەكۈنلەنگەن 2- باسقۇچلۇق تارىخىي زامانلار قاتارىدىن خاراكتېرلەش توغرا كېلىدۇ. بۇ: 1) خەلق قىسمىتى پەۋقۇلئاددە بېقىندىلىق، قوش قاتلاملىق زۇلۇم، ئېزىلىش، يەنىمۇ ئىجتىمائىيلاشقان جاھالەت زورا ۋانلىقى، قاششاقلىق، نادانلىق، قالاقلىق ئىچىدە قالغان؛ 2) يۇرتىمىزنىڭ قىسمىتى مۇنقەرزلىككە يۈزلەنگەن، جاھالەت تومۇرلىرى «ئوردا»، «خانىقا»، «مېھراب»، «ھۇجرا»لاردىن، «ئۇلۇغ سەئىد»لەرنىڭ تۇرالغۇ جاي، «خاسىيەتلىك» «تالاۋەت» خانىلىرىدىن چىقىپ جەمئىيەتنى ئومۇمىي جەمئىيەت «ئوزۇقى»، «جەمئىيەت ئاب ھاۋاسى» سۈپىتىدە يامراپ قاپلىغان؛ 3) ئىلگىرىكى «پاشا خوجام»، «خان خوجام»لارنىڭ ئورنى مانجۇ «خان»، «پادىشاھ»لار ئوردىلىرىنىڭ ئىشىكتىكىنچى، ئۇچىنچىدىن تۆۋەن پەلەمپەيلىرى بولۇپ بېرىدىغان «ۋالى خوجام»، «ۋاڭ بېگىم»... لەر

يەنى ئەمەلدار مانجۇ تائىپىلىرىچە كىيىنگەن، ئىسكەت - سالاپەت تۈزگەن، مانجۇلار ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئىمتىياز، ھوقۇق بەلگىلىرىنى تەۋەررۈك تۇمار ھېسابىدىن بويۇنلىرىغا تاقاشقان، مۇسۇلمان گەۋدىسى بىلەن مانجۇچە ياشاش ... ئىمىزىغا چۈشكەن - (زامانىغا باقىدىغان يالاتما سوپى - ئىشانلارنىڭ ئىختىيارىغا چۈشكەن) زامانىدۇر. دېمەك، ئۇ زامان - ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ «تەقۋادار»لىقى - (مۇسۇلمانچە «ئىسىم»، مۇسۇلمانچە «تۇرمۇش»، مۇسۇلمانچە «ئىبادەتچىلىك» - تەكەللۇپ، تەزىم» يوسۇنلىرى)نى ئەمەلدار مانجۇ تائىپىلەرگە خاس مىجەز، ھالەت، كەيپىيات، خۇشامەتلەر بىلەن ئىپادىلەشكە كۆچكەن، زالىم مانجۇ تائىپىلەر ئالدىلىرىدا بىچارىلىق، قۇللۇق ئىما - ئىشارەت، لەۋزى - تەلەپپۇزلىرى بىلەن خۇددى قارماققا ئوخشاپ ئېگىلىپ، قول تىرەپ تىزلىنىپ، قاپاقتا قاراپ ئۆلۈك - چىراي ئېلىپ، نىجىس تاپانغا باش قويۇپ ئەمىرگە دەل، ئىشارەتكە باپ تۇرۇشنى «خىزمەت» قىلىشقان، مۇسۇلمانغا جاللات، مانجۇلارغا قۇللۇق قىلىشنى كەسپى بەرىكەت بىلىشىدىغان پاي - پەتەك «ۋاڭ خوجام»، «ۋاڭ بېگىم»لەرنىڭ بىزنىڭ تارىخىمىزدىكى تۇنجى تۈركۈملىرى پەيدا بولغان زامانلاردۇر. تارىخىمىزدا ئۆتكەن بارلىق «ۋاڭ»، «گۇڭ»، «بەيسى»، «تەيجى» — «جۇڭگوزا ئوتتۇغاتلىق ئۇلۇغلار»نىڭ ھەممىسىلا بىزگە «ئۇلۇغ دىندار» خوجا - ئىشانلىرىمىزنىڭ نەسەبلىرىدىن ئاپىرىدە بولغان دېيىشىمىزنىڭ تارىخىي سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ يەردە.

* * * «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار»دىن * * *

«سەن نېمە سەۋەبتىن شىرغا يېقىنلىشىشنى ئىختىيار قىلدىڭ؟ ئۇ جاۋاب بەردى: شۇ سەۋەبتىنكى، ئۇنىڭ ئوۋلىغان نەرسىلىرىنىڭ ئاشقان - تاشقىنىنى يەيمەن. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك پاناھىدا دۈشمەنلىرىمنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىپ تىرىكچىلىك قىلىمەن.

كىشىلەر يەنە سوراشتى: سەن ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىۋېلىپ، نېمەتلىرىگە شۈكرى ئېيتىشنى ئېتىراپ قىلىدىكەنسەن، نېمىشقا ئۇنىڭ قېشىغا يېقىن بارالمايسەن؟ ئۇ سېنى يېقىن كىشىلىرىنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈپ، سادىق قۇللىرىدىن ھېسابلىماسمىدى؟

قارا قۇلاق دېدى: ئۇنىڭ قەھرى غەزىپىدىنمۇ ئەمىن ئەمەسمەن ...»

«... پەسكەش، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، رەزىل ۋە تۈزكور ئادەم شۇكى: ئەھۋالدا ئازغىنا ئۆزگىرىش بولغاندا بۇرۇنقى خوجايىنىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇزۇن يىللىق نېمەتلىرىنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ ...»

— «گۈلىستان»دىن

## 2. «دۇئا»غا چۈشكەن تەقدىر

### ئا. مۇسۇلمانچىلىقىمىزدىكى دۇئا ئۇقۇمى توغرىسىدا①

مېنىڭچە، بىز ئەزەلدىن ئىسلام دىنىدىكى سۈننىي مەزھىپىنىڭ (بۇ مەزھەب — «ھەنەفىيە» ياكى «ھەنىپە»، «شافىئىيە»، «مالىكىيە» ۋە «خانبەلىيە» ياكى «ھەنبەلىيە» تارماقلىرى بىلەن تەركىبلەنگەندۇ — ئا) ئىمامى ئەزەم ئەبۇ ھەنىپىنىڭ ئەنئەنىچىلەر مەزھىپىگە يەنى «ھەنىپىيە» مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىپ ۋە شۇ مەزھەبنىڭ دىنىي پىرىنسىپ، قائىدە، يوسۇن، مۇراسىم، ئادەت ... لىرى بويىچە مۇسۇلمانچىلىق قىلىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتىمىز. بۇ مەزھەبنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى نېمە؟

① مەن بۇ يەردە ئۆز چۈشەنچەمدىكى ئىسلامىيەت بويىچە توختىلىمەن، ئەلۋەتتە — ئا.

1) قۇرئان كەرىمگە، قۇرئان كەرىم ھەدىسىگە، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ھەرىكەتلىرىگە ئىشىنىش ۋە ئۇنى بىجا كەلتۈرۈش؛ 2) ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن [illegible]رىگە، نىزاملىرىغا تولۇق ئىشەنچ بىلەن بويسۇنۇش؛ 3) ئىمانىنى تىلى ۋە دىلى بىلەن ئىقرار قىلىش؛ 4) ئىشەنگىنىنى ھەر قانداق پايدا - زىيانغا قارىماي تەڭرىنىڭ ئەمرى بويىچە (ئاللاھنىڭ كالامىدا كۆرسىتىلگىنى بويىچە) بىجا كەلتۈرۈش؛ 5) شەرىئەتكە ۋە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارلارغا تولۇق رىئايە قىلىش؛ 6) ئىسلام دىنىنىڭ خۇداغا، پەيغەمبەرگە، ئاخىرەتكە، قىيامەت كۈنىگە، مەلەكلەر — (مالائىكىلەر)گە، ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلار — (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل، قۇرئان)غا ۋە بۇ كىتابلارنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، ئەمما قۇرئاندىن ئاۋۋال چۈشۈرۈلگەن ئۈچ كىتابتا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئەسلى نۇسخىلىرى يوقاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قۇرئان ھەممىنىڭ يىغىندىسى، ئەڭ مىغىزى، ئەڭ مۇكەممەلى سۈپىتىدە چۈشۈرۈلگەن دەپ قاراش؛ 7) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە قارىغاندا ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئۈستۈن ۋە خاتىمىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ خىل پرىنسىپلارنىڭ مۇسۇلمانلار دىنىي تۇرمۇشى ۋە دىنىي مەجبۇرىيەتلىرىدە ئەمەلىي جارى بولۇش - ئىپادىلىنىش مىزان - ئۆلچىمى — «شەرىئەت» — (دىنىي قائىدە)تۇر. شەرىئەت بويىچە مۇسۇلمانلار ئومۇمەن ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، ئۆشرە - زاكات بېرىش قاتارلىق «بەش پەرز» — (دىنىي تەلىمات بويىچە ئاللاھ بۇيرۇغان زۆرۈرىيەت «پەرز» دېيىلىدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىشلار «سۈننەت» دېيىلىدۇ، ئەلۋەتتە — ئا)نى ئادا قىلىش — مۇسۇلمانچىلىقنىڭ يۇقىرىقى ئۆلچەملىرىنى ئادا قىلغانلىق بولىدۇ. «شەرىئەت» پرىنسىپلىرىدا يەنە: مۇسۇلمان شەخسنىڭ سالامەتلىكى، مالىيە ئەھۋالى، ئەتراپ مۇھىتىنىڭ سىياسىي خاراكتېرى ... مۇ نەزەردە تۇتۇلغان. مەسىلەن، پۇلى يوق ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن قۇربانلىق قىلالمىغانلار، ھەج قىلالمىغانلار، سالامەتلىك ۋە باشقا ھادىسىلەر بىلەن ناماز ئوقۇيالمىغان، روزا تۇتالمىغانلار ... (ئۇرۇش، ئاپەت ... مەزگىللىرىدە ناماز ئوقۇلمايدۇ. روزا تۇتۇلمايدۇ، زاكات بېرىلمەيدۇ، ھەجگە بېرىلمايدۇ، ئەلۋەتتە — ئا) بەش ۋاق ناماز ئوقۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىش — ئوخشاشلا مۇسۇلمانچىلىق شەرتىنى ئادا قىلغانلىق بولىدىغانلىقى قەيت قىلىنىغان. دېمەك، ئىسلامدىكى تۈپ ئەقىدىنى — ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىش، پەرىشتىلەرگە ئېتىقاد قىلىش، قۇرئانغا ئېتىقاد قىلىش، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى خاس مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېتىقاد قىلىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئۆمۈر بويى پاك دىل بولۇپ، جەمئىيەتكە ۋە ئىنتايىن كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان بەندىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، مۇسۇلمان ئاممىسى ئۈچۈن، خۇدالىق ئۈچۈن سەممىي، پاك مۇئامىلىدە بولۇش ۋە ئىشلەش دېگەن مەزمۇنغا يەكۈنلەش مۇمكىندۇر.

ئىسلامنىڭ تۈپ ئۇقۇم، پرىنسىپلىرى ئەنە شۇنداق ئىكەن، ئۇنداقتا ئىسلامغا سادىق ھەر بىر ھەقىقىي مۇسۇلمان ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرىدىكى دىنىي ئىرىم — (دىنىي روھىي رەسمىيەت، دىنىي تىلەك ...) ۋە دىنىي ئىبادەت شەكىللىرى ھېسابلىنىدىغان دۇئانىمۇ يۇقىرىقى ئۇقۇملار دائىرىسىدىن ئىستېمال قىلىشلىرى ۋە شۇ مەنىدىن قوبۇل قىلىشلىرى (ئادا قىلىشلىرى) شەرتتۇر.

دېمەك، مۇسۇلمان دۇئاسى خۇددى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەرنىڭ 334- بېتىدە تەكىتلەنگەندەك: «... مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىراۋغا بولغان مۇھەببىتى ياكى نەپرىتى — (دۇئا ئىشانى — ئا) ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشى لازىملىقىنى ئۆگىنىش كېرەك ...» دېگەن مەركىزىي ئۇقۇم دائىرىسىدىلا ئادا قىلىنىشى بەرھەق ئورۇنلۇقتۇر. بۇنى ھەقىقىي دۇئا دېيىشكە بولىدۇ.

قۇرئان ۋە قۇرئان ھەدىسىنىڭ روھىدا خۇدا يولىدا ئىزدەپ يۈرۈپ— (زاكات، سەدىقە، پىتىر ھېسابىدا) دۇئا قىلدۇرۇش — دۇئا ئېلىش ھالال، ئىزلىنىپ دۇئا قىلىپ قېپىنىش —(دۇئاغا زورلاپ كىشىلەردىن مەنپەئەتلىنىش) ھارام ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان ھەم «قۇرئان كەرىم» 8- سۈرە ئەنفال 41- ئايەتتە: «... دۇئادا ئالغان ئولجا — (نەرسە)نىڭ نىمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئاللاھقا— (ئەمەلىيەتتە جەمئىيەت ئىشلىرىغا — ئا)، قالغىنىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە، تۇغقانلارغا، يېتىم - يېسىرلەرگە، نامرات بىچارىلەرگە، مۇساپىر يولۇچىلارغا ئاتىشى كېرەك ...» دەپ تەكىتلەنگەن.

يۇقىرىقى دىنىي پرىنسىپلار بىلەن دىنىي زورۇر دېيەتلەردىن مۇقەررەر ھالدا شۇنى ھېس قىلىمىزكى؛ ھەر قانداق دۇئاكۆي — ھەقىقىي دىندار — ئەڭ ئەخلاقلىق، مۆمىن، ئىسلام ئېلىمىگە سادىق، دىيانەتكارلىقى مۇسۇلمانلارغا تەسىر ۋە توغرا ئىما - ئىشارەت كۆرسىتىپ تۇرالايدىغان، دىندارلىقى قۇسۇرسىز، مەۋقەسى سۇسلاشمايدىغان، خۇدا يولىدا چۈشكىنىنى يەنىلا خاس خۇدا يولىغىلا خالىس سەرپ قىلىدىغان، ھەقىقەتەن نامرات، شەخسىيەتسىز، ئالىيجاناب، پەس ھەۋەس قىلىقلاردىن تولىمۇ خالىي دىندارلاردىن بولۇشى شەرتتۇر. قۇرئان ھەدىسىنىڭ روھىدا يەنە: پاسىق، جاھىل، نادان، بىلىمسىز، قىلىقى سەت، ھىلىگەر، ئاز بىر نېمىنى دەپ كۆپكە زىيان سالىدىغان، شەخسىي مەنپەئەت تاماگەرلىكى ئۈستۈن، سۇخەنچى، ئېتىقادى سۇس، ئالدامچىلىقنى كەسىپ قىلىۋالغان، سۈيىقەستچى، تىرىكتاپ، ئۇششۇقلۇقتا كۆنگەن، مۇسۇلمانچىلىق غورۇرىنى يوقاتقان ھەر قانداق نائەھلى مۇسۇلماندىن دۇئا ئېلىش، ساۋابلىق كۈتۈش ئاللاھنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ھېسابلىنىدىغانلىقىمۇ تەكىتلەنگەن.

بىز مانا شۇ خىل دىنىي چۈشەنچىمىز ۋە دىنىي ئادەت، يولىمىز بويىچە، تارىختا خوجا - ئىشان، «پىر»، «سەئىد»لەر بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنى پايمال قىلىپ (مەلىكە قىلىپ، شۇغۇللىنىۋۈرۈپ) كەلگەن «دۇئا»لارنى ھەقىقىي دىنىي دۇئالار ئۇقۇمىدىن دەپ ئېتىراپ قىلالمايمىز، رەت قىلىمىز. چۈنكى ئۇلار ئىسلامدىكى دۇئا ئۇقۇمى— (دۇئا)نى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنىش، كىشىلەرنىڭ قان - تەرىنى شوراپ قېپىنىش، ئىشلىمەي چىشلەش، مۇسۇلمانلارنى شۇم غەرەزلىرى ئۈچۈن ياۋاش، مۆمىن، بويسۇنغۇچى قۇللارغا ئايلاندۇرۇش، ئاخىرى «دۇئا»لىرى ئارقىلىق خەلقىمىزنى، مىللىتىمىزنى مىللىي خورلۇق، مىللىي چۈشكۈنلۈك ھەتتا مىللىي يوقىلىشقا ئىتتىرىشتەك قەبىھ ۋە ئىنتايىن رەزىل مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، قوللىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ تەسىرى تېخىچە ئۈزۈلگىنى يوق، ئەلۋەتتە.

«شەرىئەت ئىگىسى»، «دەرۋىش» دەپ ئاتىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقى —(ئىجابىي خاسىيەت ئالاھىدىلىكى — ئا) ئوغرىلاردىن، سىپاھلاردىن ۋە بازارچىلاردىن ئارتۇق بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەگرىدىن ئالغان نېمۇسى «تەن» ۋە «جان»دۇر. ئۇلارنىڭ جاۋابكارلىقى شۇ بولۇشى كېرەككى،

ئۆزىنى «زاھىد» — (تەڭرىدىن باشقا دۇنيا راھەت- لەززەتلىرىدىن كەچكەن) دەپ سۆزلىشىگە مۇۋاپىق بولۇپ، ھاياتىنى ئۆزگىچە لايىق ئۆتكۈزسۇن. رىيا — (كىشىلەرنى ئالداش)دىن يىراق بولسۇن. كىشىلەر بىلەن جەڭ - جېدەل قىلىشمىسۇن. كىشىلەرگە ئۆز نەپسىنى دەپ ھەر خىل بولمىغۇر پەتىۋالارنى ئۆگەتمىسۇن، كىشىلەرگە زىيانلىق پەتىۋالارنى ئۆگىتىش خەلققە ياۋۇزلۇق — (يامانلىق قىلغانلىق) بولىدۇ. ھىيلىگەرلىك بىلەن يالغان قەسەم قىلمىسۇن. دىن مەسىلىلىرىنى توغرا، ھەقىقىي بىلىپ خەلققە تاماسىز ئۆگەتسۇن، ئەمما دۇنياغا ساتمىسۇن. پاسىقنى پىسىق سەۋەبى بىلەن مالامەت قىلمىسۇن. مەيلى گۇناھى بار، گۇناھى يوق بولسۇن بىر كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە پەتىۋا - ھۆكۈم چىقارمىسۇن. چۈنكى چىقىرىلغان پەتىۋا - ھۆكۈملەرنى تۈزىتىشكە بولىدۇ، ئەمما ئۆلۈمنى تۈزەتكىلى بولمايدۇ. ئۆز مەزھىپىنى — (كۆز قارىشى)نى قوللاپ كۈچەيتىش ئۈچۈن باشقا مەزھەپ ئەھلىنى «كاپىر» دېمەسلىكى لازىم. ... «كاپىر» دېمەك، مەن ئىسلام دىنىدا ئەمەس، دېگۈچىلەر ... قۇرئان كەرىمدە ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە: مەزھىپى باشقا بولغانلارنىڭ دىنى باشقا — (ئىسلام دىنىدا ئەمەس) دېگەن ھۆججەت يوق ... رەھمەتى ئىلاھىيە ھەققىدە ئۆزى بىلمىگەن بىر ئىلىمنى ئاڭلىسا ئۆزى بىلمەي تۇرۇپ ئىنكار قىلمىسۇن. خەلقنى تەڭرى رەھمىتىدىن نائۈمىد (ئۈمىدسىز) قىلماسلىق لازىم ... بۇ بايان قىلىنغان سۈپەتلەر — ۋەز سۆزلىگۈچىلەر — ئۆزىنى ئىشان، ھەزرەت دەپ يۈرگەنلەرنىڭ جاۋابكارلىقىدۇر. ئۇلار ... بۇ ھەقتىكى ئەمەللەرگە ئەمەل قىلسا، خۇدانىڭ ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رازىلىقىغا ئىگە بولالايدۇ ...»

— («قابۇسنامە» 133 — 134- بەتلەر)

## ب . دەستەك دۇئالار توغرىسىدا

مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھەم مۇسۇلمانچىلىق تۇرمۇشلىرىدا ئەزەلدىن «سۈننەت» ياكى مۇقىم، تەركسىز دىنىي رەسمىيەت (ئادەت) شەكلىدە ئادا بولۇپ قائىدىلەشكەن دۇئا— (ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە «قۇرئان كەرىم»ىمىزنىڭ روھىدا بىشارەت قىلىنغان — «سۈننەت» — دۇئا — ئەلۋەتتە — ئا)نى ھەر قانداق چاغدا، ھەر قانداق ئىشتا ۋە ھەر قانداق ۋاقىتتا ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز شەخسىي نەپسانىيىتى، غەرەز - مۇددىئالىرى ئۈچۈن دەسمايە دەستەك — دۇئا قىلىپ پايدىلانغۇچى مۇسۇلمان — ھەقىقەتەن ئاللاھتائالانى، قۇرئاننى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۆيگۈچى — يولىنى تۇتقۇچى بارلىق ئەھلى مۇسۇلمانىنىڭ ھەقىقىي دىنىي دۈشمەنلىرى جۈملىسىگە كىرىپ كېتىدۇ.

تارىختا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئارىسىغا «دۇئا» بىلەن پەيدا بولۇپ، «دۇئا» بىلەن كۆتۈرۈلۈپ، «دۇئا» بىلەن «خان»لىق، «پادىشاھ»لىق، «خوجا»لىق، «پىر»لىق قىلىشىپ، ئىش تەۋرىتىپ ئۆتكەن سىياسىي «دىن»دار — ئىشان — خوجا — «ئۇلۇغ»لار — ئەنە شۇنداق دىنىي دۈشمەنلەر جۈملىسىگە مەنسۇپ كىشىلەردۇر. چۈنكى ئۇلار بىزدە ئىسلامىيەتنىڭ تەۋەررۈك دىنىي ئىما - قائىدىلىرىنىڭ مۇقىم شەكلى بىشارەتلىرىدىن بولغان ئىمانىي دۇئا - تالاۋەت— (ئىمانى تىلەك، خاتىملەر)نى خالىغان چاغدا، خالىغان مەقسەتتە، خالىغان كىشىگە، خالىغان جايدا ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي غەرەز - مۇددىئالىرى ھېسابىغا پايدىلىنىۋېرىدىغان دەسمايە دەستەك ھېسابىدا پايدىلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تارىختا ئۇلاردىن ھېچقانداق دىنىي ئاسايىشلىق، دىنىي خاسىيەت ۋە ھېچقانداق ھەقىقىي مۇسۇلمان روھىي سېزىمىنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي «دىنىي» بەدبەختلىك، «دىنىي» تەپرىقىچىلىك، «دىنىي» ۋەيرانچىلىق، «دىنىي» قۇللۇق، «دىنىي» جىنايەت ۋە «دىنىي» نەسلىك ... سېزىم، ھالەت، قىلمىشلىرىنى قوبۇل قىلىشقاندۇر. ئۇنداق ئىكەن، ئۇلارنى تارىختا «دۇئا» بىلەن نان، «دۇئا» بىلەن جان، «دۇئا» بىلەن ئىمان، «دۇئا» بىلەن يۇرت، «دۇئا» بىلەن تەخت، «دۇئا» بىلەن ۋەج، «دۇئا» بىلەن

ئابروي تاپقان بەدنىيەت «دۇئا»كۆي مۇسۇلمان، كاززاپ مۇسۇلمان دېيىش ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ، تەخسىرەت ھېسابلانمايدۇ. بولۇپمۇ 17- ئەسىردە ياشىغان ئاپپاق خوجىدىن تاكى كېيىنكى چاغلارغىچە خوجاملىق قىلىشقان «خان خوجام»، «پادىشاھ خوجام»، «ئەۋلىيا خوجام»، «ۋالى خوجام»، «سەئىد خوجام»، «پىر خوجام» ... لارنىڭ ھەممىسى ۋە ياكى ئۇلارنى مەركەز قىلغان سوپى، روھانىلار ئەنە شۇ خىل «دۇئا»كۆيلارنىڭ «پىرى»، ئەڭ كۆرۈنەرلىك «داھىي»-لىرىدۇر.

ئۇلارنىڭ «دۇئا»، «تالاۋەت» ۋە «دىنىي» مەۋقەلىرىنىڭ ئەسلى «قۇرئان كەرىم» ئەقىدە-ۋىلىكىگە زىت تەرەپلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە مۇنداق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ:

1- دىنىي نەزەرىيە جەھەتتە ئۇلار قانداقتۇ: ئاللاھنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، «قۇرئان كەرىم» ۋە «قۇرئان كەرىم» ھەدىسىنى ئۆز ئېتىقادلىرىنىڭ نوقۇل، شۈبھىسىز، بىردىنبىر، يەككە - يېگانە مەنبەسى قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ «پىر»لىق شەخسىي ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ غەرەز مەنبەلىرىنى «ئىختىرا» قىلىشقان، دەسسىتىشكەن. ئۇلارنىڭ: «... ھەزرىتى سەئىددىل ئەزەم خوجىلىرىمىز ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مۆمىن بەندىلەرگە «پىرى ئىجادكار»بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئەۋلىيالاردۇر ...»، «خوجام دەرگاھىغا كېلىپ دۇئا ئېلىپ مۇرىت بولغۇچىلارنىڭ ھەر قانچە ئېغىر گۇناھلىرى بولسىمۇ گۇناھلىرىدىن ساقىت بولىدۇ ... ئۇلار پەيغەمبەر بىلەن ئوخشاشتۇر ... بىر كىشى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىپ دىنىنىڭ پۈتۈن ئەركانلىرىنى ئورۇندىغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر پىر - ئەۋلىيالاردىن دۇئا ئېلىپ قول بەرمەيدىكەن، ئىشەنمەيدىكەن، گۇناھكار بولىدۇ. قىلغان ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ ...» («تەزكىرەئى پىر- ياران» ئۇلانما 11-، 12- ۋاراقلار)، «ئاپپاق خوجا خۇدانىڭ ئاشىقى» — «يەككە - يېگانە مەشۇقى» (ئاپپاق خوجا گۈمبىزىدىكى پارىسچە خەتنىڭ ئۇيغۇرچە مەزمۇنى — ئا)، «... ئۇلۇغ پىردانىيال ۋەلىگە، خوجا ئىسھاقى ۋەلىيۇللانىڭ نەسەبلىرىگە قول بەرمەي، ئۇلاردىن دۇئا ئالماي ئۆلگەن ھەر قانداق ئەھلى ئۇممەت دوزىخىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلى. ۋەكىلى بولغان بۇ زاتلاردىن دۇئا ئېلىپ بەيئەت قىلمىغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىككىلا ئالەملىكى قارادۇر...» پىرلەر مۇسۇلمان ئۇممەتلەرنى جەننەت، دوزاختا ئايرىغۇچىلاردۇر. پىرلەرلا «كەلىمە ھۇللا»يەنى ئاللاھ بىلەن سۆزلەشكۈچىلەردۇر»... «پىرلەر ئاللاھنىڭ تىلى، ئۆزى ۋە جامالىدۇر...» («تەربىيەتنامە»دىن)، «پىرلەردىن قارغىش ئالغان، پىرىنى ئۇنتۇغان، پىرسىز يۈرگەنلەر بەرھەق دوزاختا مەھكۇمدۇر» («ئۇلۇغلارنىڭ نەپەس مۇبارەكلىرى»دىن) دېگەندەك «تەلىمات»-لىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان.

2- دىنىي مەنبە جەھەتتە ئۇلار قانداقتۇ: «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئۆز مۇددىئا-نىيەتلىرىگە توغرىلاپ، بويسۇندۇرۇپ شەرھلەپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەسلى مەنا پاكلىقىنى بۇلغىغان، مەزمۇنىغا قۇسۇر سىڭدۈرگەن. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم»دىكى «سۈرە نىسا» 59- ئايەتنىڭ بىر قىسمى: «ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە سىلەر- (ۋارىسلىق قىلىشقا ھەقلىق بولغانلار — ئا)دىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ...» دېگەن كەلىمىدىكى—(«قۇرئان كەرىم» 78- بەت)، «سۈرە — رەئىد» 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى: «سەن پەقەت ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، ھەر قەۋمنىڭ بىر يېتەكچىسى بولىدۇ...» دېگەن كەلىمىدىكى—(«قۇرئان كەرىم» 250- بەت) ۋە «سۈرە - ئەنبىيا» 105- ئايەتنىڭ بىر قىسمى: «زېمىنغا ئەلۋەتتە مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق

قىلىمدۇ ...» دېگەن كەلىمە — («قۇرئان كەرىم» 323- بەت) لەردىكى «ئىش ئۈستىدىكىلەر»، «يېتەكچىسى»، «ياخشى بەندىلىرىم» دېگەن سۆزلەرنى «سەئىدلەرنى»، «ئىشان»، «[illegible]»لارنى كۆزدە تۇتقان دەپ شەرھىلىشىپ، مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىي پوزىتسىيىلىرىنى ئۇلۇغلىرىنىڭ «دىنىي» مۇددىئالىرى دائىرىسىگە بۇراشقان، يېتەكچىلىكىگە ئۆتۈشكەن.

3- دىنىي ئىدىيە — (شەرىئەت ئىدىيىسى، ئەلۋەتتە — ئا) جەھەتتە ئۇلار قانداقتۇ: «قۇرئان كەرىم» — «سۈرە ئال ئىمران» 64- ئايەتتە قەيت قىلىنغان: «...پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان ئەقىدىگە ھۆرمەت قىلايلى ...» دېگەن كەلىمىدىن چەتنەپ، بەرھەق بىرلا تەڭرىلا — ئۇلۇغ تەڭرىلا مەركەز چۈشەنچىلىكىدىكى ئىسلام چۈشەنچىسىنى «خوجام ئۇلۇغ»، «پىرىم ئۇلۇغ» دېگەندەك كۆپ «ئۇلۇغ»لۇق، كۆپ «مەركەز»لىك «شەرھىيە چۈشەنچە»لەر بىلەن چاكىنىلاشتۇرۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئاللاھتائالا ئوتتۇرىسىغا «ۋاستە» بولۇپ قىستۇرۇلغان ساختا «دىن»دارلاردۇر. ئەسلىدە ئۇلار — ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىپىنىڭ مەزھىبىدىكى ئەجدادلىرىمىزنى يەنى ئاللاھقا، پەرىشتىلەرگە، قۇرئانغا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېتىقاد قىلىشقا، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئۆمۈر بويى يامان ئىش قىلماسلىق، جەمئىيەتكە، مۇسۇلمان ئەھلىگە خىزمەت - يارانلىقتا بولۇشقا مۇقەددەس كەسىپلەنگەن ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ «دىنىي مەزھەب»، «دىنىي سۇلۇك»لىرىگە ئازدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ «ئۇلۇغ»لۇق ئورۇنلىرىنى بەرپا قىلىشىپ — («خۇفىيە»، «جەھرىيە»، «تەرىقەت»، «چىشتىيە»، «سوھرىۋەردىيە»، «ئىناقىيە»، «ئىسھاقىيە»، «داۋانىيە»، «ئىشقىيە»، «ئىمام رەببانى»... قاتارلىق 30 — 40 «ئۇلۇغ»، «دىنىي» مەركەز ۋە «دىنىي ئۇلۇغ»لارنى پەيدا قىلىشىپ)، ئىسلامىيەتكە قۇسۇر، قارا غەرەزلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكەن دىن دۈشمەنلىرىدۇر.

4- دىنىي تەشكىلىي جەھەتتە ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى تەشكىلىي پرىنسىپلىرىنى بۇزغان، ئۆزگەرتكەن «كارامەت» كارلاردۇر. ھەممىگە ئايانكى بىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى مۇسۇلمانچىلىقىمىز مەسچىتلەرنى مەركەز قىلغان مەدرىس مائارىپ تۈزۈمىدىكى مۇسۇلمانچىلىق ئىدى. دىنىي تۇرمۇشتا دىنىي ئەھكاملارنى پىششىق بىلىدىغان دىنىي ئۆلىمالار تەكلىپ قىلىنىپ شاگىرتلارغا دەرس بېرىش، ئىمامغا ئىخلاس قىلىش، باشقا دىنىي ئىشلارنى ئىمام، خاتىپ، مەزىنلەردىن ئىبارەت ئۈچ كىشى باشقۇرۇش، ۋەزىپىسى مۇقىمسىز خەلپەت، موللا ... قاتارلىق كەسپىي دىنچىلار خەلقنىڭ نىكاھ، ئۆلۈم - يېتىم، توي - تۆكۈن، قۇرئان تالاۋەت، دۇئا - تەكبىر، ئۆشرە - زاكات، مىراس قاتارلىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئادەت - يوسۇن ئىدى.

ۋەھالەنكى، ئۇلار ئۆز «دىنىي» ھەرىكەتلىرىدە مەسچىت مۇسۇلمانچىلىقىنى خانىقا جەھرى-تەلقىنىغە، مەدرىس مۇسۇلمان مائارىپىنى خانىقا سوپى - ئىشان مائارىپىغا، مەسچىت ئىبادىتىنى خانىقا ئىبادىتىگە، ئىمام دۇئا - تالاۋىتىنى ئىشان - سوپى «دۇئا»- «تالاۋەت»ىگە، ئاللاھقا قىلىدىغان ئىبادەتنى ئىشانغا قىلىدىغان ئىبادەتكە، پۈتۈن مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ دىنىي قۇرۇلمىلىرىنى «تۈنەك خانا»، ئەمدان، كۆلەخ، گۈلخان مازار قۇرۇلمىلىرىغا، دىنىي مۇلازىم كىشىلەرنى سوپى - مۇرىت شەخسلەر دامىلىرىغا توغرىلاپ ئۆزگەرتىپ، ئىسلامنىڭ ئەسلى تەشكىلىي ۋە قۇرۇلما جەھەتتىكى ئەنئەنىلىرىنى خاراب قىلىش، بۇزۇش بىلەن مەشغۇل بولۇشقان. دېمەك، ئۇلار ئومۇمەن ئىسلامنى سوپىلاشتۇرۇش، ئىسلامنى كۆپ مەركەزلىك ئەقىدە ئېقىمىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەممە قىلمىشلارنى قىلغانلاردۇر.

ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك «دىنىي قاراش» ۋە «دىنىي مەۋقە»لىرىنى قانداقمۇ «قۇرئان كەرىم» ئەقىدىۋىلىكىدىكى «دىن» دېگىلى بولسۇن؟ ئۇلار ئاتا قىلغان «دۇئا»، «دۇرۇت»، «پەتىۋا»لارنى قانداقمۇ مۇسۇلمان «دۇئا»، «دۇرۇت»، «پەتىۋا»لىرى دېيىشكە بولسۇن؟ ئۇلارنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس كىتابلىرىدا: «بارچە مەدھىيە ئاللاھقىلا خاستۇر، ئاللاھنى مەدھىيىلەيمىز، ئاللاھتىن مەدەت تىلەيمىز، ... ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ئازدۇرغىلى بولمايدۇ. ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمنى ھىدايەت قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ئاللاھ يوقتۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسىدۇر ...» («مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى» 443- بەت) دېگەن ئەقىدىنى بۇزغانلار — دىنىي ئاسىيلار دېگەن تۈزۈك بولامدۇ؟

پاك مۇسۇلمانچىلىق ۋۇجۇدىمىز بىلەن ھەقلىق ھالدا شۇنى جەزملەشتۈرىمىزكى: ئۇلار تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا يارىتقان ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن، خۇدادىن خۇدالىق، ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەيغەمبەرلىك تالاشقان، كاززاپ قىلمىشلىرى خۇدا ئالدىدا، بەندىلەر ئالدىدا كەچۈرگۈسىز كىشىلەردۇر.

«ئەي ئەھلى يارانلار بىلىڭلەركى؛ ئۆزىنى دەرۋىش، سوپى، ئىشان، تەقۋا دەپ ئاتايدىغانلار بۇ دۇنيادا پەقەت كىشىلەرگە دۇئا قىلىشقىلا يارىتىلغانلار ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىنسانچىلىقى — رىسقى دۇئا بىلەن ئەمەس، تۆۋە بىلەن قارار تاپىدۇ... ئۇلار ئۇلۇغ ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ تەڭرىلا ئۇلۇغ... ھەدىس ئىلمىدە: بەندىچىلىك رىزقىنى تەڭرىدىن ئەمەس، تەڭرى نامىدا دۇئا بىلەن مۆمىن بەندىلەردىن ئۈندۈرمەكچى بولغانلار شەررىدىن - (ئاچكۆزلۈك، تويماسلىق، دەپنە دۇنياغا ھېرىسمەنلىك، ئازدۇرغۇچىلىق قىلىش مەنىلىرىدە — ئا) قىلغۇچىلارغا كىرىدۇ. «قۇرئان كەرىم» - «سۈرە ناس» مەككىدە نازىل بولغان 6- ئايەتتە: «مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم (سالغۇچى — (غايىپ دۇئا بىلەن دەم سالغۇچى، ئەلۋەتتە — ئا) سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى — (ئاللاھ)قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن دېگىن». («قۇرئان كەرىم» 611- بەت) دېيىلگەنغۇ ئەمەسمىدى؟

— («تەزكىر پىر—ياران»دىن)

دېمەك، پىكرىمىزنىڭ يەكۈنى شۇكى، بىر قىسىم بەدنىيەت، سىياسىي، ئىجتىمائىي ھۆكۈمران خوجا — ئىشان «ئۇلۇغ»لارنىڭ تارىختا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا تاڭغان «دۇئا»لىرىنى بىز ھەقلىق ھالدا ئىسلام ئەقىدىسىگە چۈشكەن مىتە، شەخسلەرنىڭ شەخسىيىتى ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان ساختا بىشارەت، نەپسانىيەتچىلەر ئۈچۈن قالقان، ئەھلى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئالدامچىلىق، ئىنسانىيەت ئۈچۈن «تاتلىق» زەھەرى بىھوش ياكى نەسلىنىڭ دورىسى ئىدى، دەپ قارايمىز. بۇنداق قىلىش — بىزنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمانچىلىق بۇرچىمىزدۇر.

## * * * «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار»دىن * * *

... دىندار — پاسىق، جاھىل، قىلمىقى سەت، ھېيلىگەر، بىر تىيىنىنى دەپ ھەقنى ناھەق قىلىدىغان، ئاز بىر نېمىنى دەپ كۆپكە زىيان سالىدىغان، بىر سېۋەت ئۈزۈم ئۈچۈن بىر باغنى كۆيدۈرۈۋېتىشتىن، بىر چارەك بۇغدايىنى دەپ بىر خامانىنى سورۇۋېتىشتىن تارتىنمايدىغان بولماسلىقى كېرەك ... ئۇنىڭ غەرەزى مەنپەئەتكە بولماسلىق، بىلمەيدىغانىنى بىلىمەن دەپ ئېيتماسلىق، ئۆزۈم بىلەرلىك قىلماسلىق، ئۆزۈمچىلىك بىلەن غەۋغا كۆتۈرمەسلىك، نادانلىقىدىن سەللىسىنى يوغان، چۈچىسىنى ئۇزۇن قىلماسلىق، دىن ئىلمى، ئېتىقاد مەسىلىلىرىدىن ئەڭگە

تەلىم بېرىش، بىپاكلاردىن ئۆزىنى ساقلاش، ناپاكلاردىن قېچىش لازىم. ئۆزى نادان ئەمما ئۆزىنى ئالىم چاغلاپ، يامان ئىشلارنى ياخشى ھېسابلاپ ناباپ ئىشلارنى قىلماسلىقى، يامان ئىشلىرى ئەلگە رەسىم - قائىدە بولۇپ قالماسلىقى لازىم. دىنىدا يوق ئادەتلەرنى پەيدا قىلغۇچى بولسا، ئۇنداقلار بىلەن ئىسلام ئەھلىنىڭ سۆھبىتى [illegible] تۇرۇش كېرەك ... ئېيتىمىزكى، ئاۋۋال خۇدا [illegible] رەسۇلىنىڭ سۆزى، ئاندىن كېيىن مۇجتەھىدلار [illegible] ئەۋلىيالارنىڭ سۆزى بولسا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭدىن ئۆگەنسە، خۇدا ۋە رەسۇلىنىڭ سۆزىنى ئۆگەنگەن بولىدۇ.

— داۋامى

## پ. قارغىش - ئاداۋەت قايىنىغان تارىخ

ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى تۈرلۈك چارە - ئامالالار بىلەن يۇرت - ماكانلىرىمىزنىڭ سىياسىي، دىنىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇق — ئىمتىيازلىرىنى ئىگىلەپ ئېلىشقان بەدنىيەت «خان»، «پادىشاھ» خوجا - ئىشانلار ئەينى چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۈستىدىكى ئومۇمىي ھۆكۈمرانلىق سەلتەنەتلىرىنى مەڭگۈگە، ئەبەدىي، تىپتىنچ، دۈشمەنسىز — كۆڭۈللىرىدىكىدەك ساقلاپ تۇرۇشىنىڭ ھەر خىل چارە - ئامالللىرىنى قىلىشماقتا ئىدى. بۇ خىل چارە - ئامالالار ئىچىدە تۈرلۈك «دىنىي» چارە - تەدبىرلەر يەنى «دىنىي تەلىم»، «دىنىي ۋاجىبات»، «ئىمان شەرت» ... شوئارلىرى بىلەن مەيدانغا چىقىرىلغان «دۇئا»لار چارىلىرى - (قارغىش - ئالقىش، «ساۋاب»، «گۇناھ» ...لار بىلەن مەزمۇنلىنىدىغان سۆپ-كۆچ ... «دۇئا» چارىلىرى) تولىمۇ سەلبىي نەتىجىلىك چارىلەردىن ئىبارەت ئىدى (بۇ چارىلەرنىڭ بىر قىسمى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا خېلى ئىلگىرىلا مەلۇم تەسىر ئاساسلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە — ئا). بىر قىسىم «ئەھلى پىر» ئەجدادلىرىمىز خوجا - ئىشان «پىر» - تەقسىرلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك مەقسەتلىرىنى چىقىش قىلغان چارىلىرىنىڭ دامىلىرىغا بەنت بولۇشۇپ كېتىشكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر مىللىي جەمئىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى خىسلەتلىرى بىلەن ئىجابىي ۋەزىيەت بۇزۇلۇلىكى تەدرىجىي ھالدا پەۋقۇلئاددە يامان ئاقىۋەتلىك سەلبىي ۋەزىيەت ئىزىدىن تۆۋەنلەشكە يۈزلەنگەن:

1- ئەزەلدىن بىر قەبىلە، بىر مەزھەب، بىر جامائەت، بىر قەۋم ۋە بىر بىرلىك خاسلىقى بىلەن مۇسۇلمانچىلىق قىلىشىپ، ئۈملۈك، ھەمدەملىك، غورۇر، ئىرپان، ئادالەت، ھەققانىيەتنى تەقدىرى مەنبە قىلىشقان ھالدا دەۋران سۈرۈپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز خوجا - ئىشان «پىر»-لەرنىڭ ئەنە شۇنداق «دۇئايى» يېتەكلەشلىرى بىلەن كۆپ قەبىلە، كۆپ مەزھەب، كۆپ جامائەت، كۆپ قەۋم ۋە كۆپ بىرلىك تارقاقلىقىدا «مۇسۇلمان»چىلىق قىلىشىدىغان، كۆپ گۇرۇھلۇق، بىھەمدەم، «غورۇرى تەرىقەت»، «تەرىقەتى ئىرپان»، «تەرىقەتى ئادالەت»، «تەرىقەتى ھەققانىيەت»، «تەرىقەتى ئادەم» ... («تەرىقەتچى» خوجا - ئىشانلار كۆرسەتمىلىكىدىكى «غورۇر»، «ئىرپان»، «ئادالەت» ... لەر، ئەلۋەتتە) لەر يەنى جاھاننى بېشىغا كىيىدىغان تەپرىقە - سۇخەنچىلەر تۈركۈملىرىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىدىن بولۇپ ئۆتىدىغان يامان ۋەزىيەتلىك جەمئىيەتكە ئازدۇرۇپ كېتىلگەنىدى. بۇ خىل ۋەزىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئەڭ يىرىك سەۋەبچى گەۋدىسىگە مىلادى 17- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەرىيىدە ئاپپاق خوجا گۇرۇھى تەرىپىدىن «ئىشقىيە»چى «داستار»لار سېپى نامى بىلەن پەيدا قىلىنغان «ئاق تاغلىق»لار — تەپرىقات ئېقىمى بىلەن خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان گۇرۇھى تەرىپىدىن «ئىسھاقىيە»چى مەخدۇم زادىلار سېپى نامى بىلەن پەيدا قىلىنغان «قارا تاغلىق»لار تەپرىقات ئېقىمىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى

تارىخىمىزدا تۇنجى قېتىم خوجا ـ ئىشانلارنىڭ «دىنىي تەرىقەت»لىرى سەۋەبى پەيدا قىلىنغان بۇ خىل ۋەزىيەت توغرىسىدا 19- ئەسىردە ياشاپ 1929- يىللىرى ئەتراپىدا ئالەمدىن ئۆتكەن قاغىلىق ئازغانساللىق مەشھۇر ئۆلىما سۇلتان باي ھاجىم ئۆزىنىڭ «بورقۇم ئەۋلىيا» دېگەن قوليازمىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «... ئاق تەلپەكلىك ئىشان ھەزرەتلەر كۈنەس قابۇرغا ـ(تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ كۈنەس باغرىنى دېمەكچى ـ ئا)ئېتەكلىرىدە، قارا سالىۋارلىق ـ (قارا سالۋا تۇماقلىق دېمەكچى ـ ئا) ئىشان ـ پىرىملار قاراقۇرۇم، قۇزقابۇرغا ـ(قارا قۇرۇم، كۇئېنلۇن باغرىلىرىدىكى تەسكەي يۇرتلارنى دېمەكچى ـ ئا)لەر ئېتەكلىرىدە خۇدايى بەندىلىكنىڭ «ئەھلى تەرىقەت» يولىنى يايدىلەر ... كاشىغەردىن كوملە ـ كۆمۈشلەرگە بارابەر ھەر يۇرتتا، ھەر چاقاردا بىردىن بىر نەچچىلەرگىچە پىرى ئىشقىيە ئەزىزانلىرى مەسىلەماساھىب بىلەن دۇئا بېرىپ، بىر بۆلەكتىن پۇقرانى تەۋبە ـ ئىستىغپارغا يېتەكلىشەر، ھەر پىر ھەر يەردە بىر ـ بىرلىرىگە داخىلە ئەمەس.... ھەزرىتى ئاپاق ئەلەيھى ئۈچۈن پەرمان ـ بەردان بولۇشلار ئېيزدىلەر ...»

ئىشەنچلىك تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە، «دۇئا» ـ «تالاۋەت»نى شەكلى ئىشارە قىلىنغان خوجا ـ ئىشانلار تەيىرلىقاتچىلىقى بىلەن «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق»لار سەپلىرىگە ئايرىلغان «دىنىي» مەزھەب پىداكارلىرىنىڭ كېيىنكى دۈشمەنلىشىش ئاقىۋەتلىرى ئاپپاق خوجا «ھاكىمىيىتى» دەۋرىگە كەلگەندە «ياسەن، يامەن» ياكى «سەن بار مەن يوق، مەن بار سەن يوق» دېيىدىغان مۇتلەق مۇرەسسەسىز پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. ئاپپاق خوجا «ھاكىمىيىتى» ئاستىغا چۈشكەن قەشقەر دىيارىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن، يېڭىسار، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق ئالتە شەھەر، 13 كىچىك شەھەر، 16 مىڭ كەنت ـ قىشلاقتىن 81 مىڭ تۇتۇن (ئائىلە)لىك مۇسۇلمان ئاپپاق خوجىنىڭ «ئىشقىيە» سۇلۇكىدە «مۇسۇلمان»چىلىق قىلىشقا «دۇئا»قىلىنغان. ئاپپاق خوجا«ئوردا»سىدىن «ئىرشاتنامە»گە ئېرىشكەن چوڭ ئىشان كالانلار ئالتە شەھەردە ئالتە «ئاق ئوردا»، 13 كىچىك شەھەردە 13 «سۇلۇك تەۋەررۇكات» ھەم بۇ ئورۇنلارغا دەرىجە ـ قاتلاملار بويىچە تەۋەنىپ تۇرىدىغان 10 مىڭدىن ئارتۇق «ئىشقىيە ئىستىقامەت» ئورۇنلىرىنى بەرپاقىلىشىپ، «ھاكىمىيەت»نىڭ پۈتۈن كۈچ ـ قۇدرىتىنى «مۇسۇلمان بەندىلەرنى دىندىن ئازدۇرغان ...» «قارا تاغلىق» «ئىسھاقىيە»چى مۇرتەدلارنى يوقىتىپ، بارلىق بەندىلەرنى نەپسانىيەتچىلىكتىن خالىي «ھەقىقىي» «ئىشقىيە» «مۇسۇلمان» چىلىققا يېتەكلەشكە، «ئىسھاقىيە»چى مەلئۇن يېتەكچىلەرنى قارغاش، يەر يۈزىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاش (ئاللاھنىڭ پاك زېمىنىنى ئۇلاردىن تازىلاش ـ پاكلاش)قا قاراتقان. خۇددى «بورقۇم ئەۋلىيا»دا تەكىتلەنگەندەك: ... تۈمەنلىگەن قارا تاغلىق مۇرتەد ـ(«مۇرتەد» ـ ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، دىندىن چىققان، كۇپارلىق يولىغا كىرگەن، ئىسلامدىن قايتقان دېگەن مەنىنى بېرىدۇ ـ ئا)نىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويغان، تۈمەن ـ تۈمەن جانلارنى دۇئا قىلىپ قارغىۋەتكەن ـ (يۇرت ـ ماكانسىز، خاتىۋەيران ... قىلىۋەتكەن ـ ئا). مىلادى 1690- يىللار ئىچىدە «ئاق تاغلىق» «ئىشقىيە»چى خوجا ـ ئىشانلار بىلوكى ھېسابلىنىدىغان ئاپپاق خوجا «ھاكىمىيىتى»نى چوڭ قىرغىنچىلىق بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىغان «قارا تاغلىق» ـ «ئىسھاقىيە»چى خوجا ـ ئىشانلار بىلوكى ـ دانىيال خوجا «ھاكىمىيىتى»مۇ «ئاق تاغلىق»لاردىن ئالدىدىغان ھېساب ـ كىتابىنى يەنىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن.

ئالتە شەھەرگە ئالتە «ئالتۇن ئوردا»، 13 كىچىك شەھەرگە 13 «بەيتۇل ئىسھاقىيە» مەھكىمەسىنى ھەم كەنت - قىشلاقلار ...دا قاتلام، دەرىجىلەر بويىچە «ئاللاھ پاك» خانىقالىرىنى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن «ئىسھاقىيە»مۇرىت، كۈچلىرىنى «ئىشقىيە»چى «مۇرتەد»لەرنى ھەم ئۇلار پەيدا قىلغان «ئىپلاس ۋەتەن» — جاي ئورۇنلىرىنى يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈپ تاشلاپ ئىسلامنى پاكلاشقا قوزغاتقان. نەتىجىدە: «... قارا تاغلىق خوجىلار باش كۆتۈرگەن يىللار جەريانىدا دانىيال خوجىلار تەرىپىدىن پەقەت قەشقەردىلا چەت ئەللەرگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىنغان، ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن،ھەر خىل ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قول - پۇتسىز، كۆزسىز، تىلسىز - (كېرەكسىز تەن) قىلىپ تاشلانغان، پىچىۋېتىلگەن ئەر - يىگىت «دۈشمەن» — «داستار»لار بىلەن «جەدىد»لەرنىڭ سانى بىر تۈمەندىن جىقراق بولغان ...» (مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 1987- يىل 5- سانىدا ئېلان قىلىنغان«دانىيال خوجا ھەققىدە» دېگەن ماقالىگە قارالسۇن — ئا). دېمەك «ئىسھاقىيە»چىلەر «دۇئا» بىلەن «ئىشقىيە»چىلەرنى قارغاپ دۇئايى بەنت قىلىۋەتكەن، يەنى ئۇلارنىڭ «خانىقا»، «تۈنەك خانا»، «ئىبادەتخانا»، مەھەللە - چاقار، باراۋەت، جەررە - ساما ... ئورۇنلىرىنى تامامەن دېگۈدەك تۈزلىۋەتكەن، يوقاتقان. دېمەك، بۇ خىل قىلمىشنى مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارىسىغا چېچىلغان تۈنجى قېتىملىق تەپرىقاتچىلىق — قەبىھ ئىچكى پارچىلىنىش — تۆكىشىشنىڭ «دىنىي» شەكىل بىلەن پاجىئەلەنگەن جەريان باشلانمىسى دېيىشكە بولاتتى. بەدنىيەت خوجىلارنىڭ ئاتالمىش مەشھۇر «مەزھەب»تەپرىقاتچىلىقى — تارىختا ئېتىبەك مىللىي قورۇلمىسىدىن، ئۆتمۈش — تارىخ شان - شەرىپىنىڭ يىلتىز مەنبەسىدىن ھاسىل بولغان بىرلىك، ئۇيۇشقاقلىق — ئۆملۈك خىسلىتىنى پۈتۈن مىللىي بارلىقىنىڭ جېنى، مەنبەسى قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى ۋەھالەنكى ئەنە شۇ تارىختا يۇقىرىقىدەك مەلئۇن «ئۇلۇغ دىنچى»، «پىر» — «سەئىد» يېتەكچى خوجا - ئىشانىملارنىڭ «دۇئا»، «قارغىش»، «ئالقىش»، سۈپكۈچ ...لىرى بىلەن خۇددى موللا مۇسا سايرامى تەرىپلىگەندەك: «... بىر - بىرىنىڭ چاي - نەزىرلىرىگە بارمايدىغان، بىر - بىرىنى بېرى چىرلىمايدىغان، ئەگەر ئارىلىشىپ قالسا چىقىپ كېتىدىغان، چىقىرىۋېتىدىغان ...» («تارىخىي ھەممىدىيە» 244- بەتتىن) قاباھەت مۈجمەزلەرگە يۈزلەنگەن ياكى خوجاملارنىڭ «دۇئا»لىرى بەرىكاتىدىن «زەرەتلىرى بىر، ئۆي - خانىلىرى تۇتاش، ھويلا - ئارامىلىرى ئۇدۇل، تۇتۇنلىرى ئارىلاش، مەسچىتلىرى بىر، جەددى - جەمەت ... يارانلار ھالا - ئەغلال (بىز جەريان) خوجاملار زامانلىرىدا بىرلىرى ئۆلسە، بىرلىرى تىرىلىپ، بىرلىرى كۈلسە، بىرلىرى يىغلاپ ... بىرىنىڭ رەقىبىنى بىرى دوست بىلىپ، بىرىنى - بىرى قارغاپ - ئۆلۈم تىلەپ ... بىر يولدا، بىر نىيەتتە، بىر يەردە كېلىشەلمەي ... بىر - بىرلىرىگە يەڭ ئىچىدە زەھەر - زوقۇم، ئەل ئىچىدە خۇسۇمەتلەر ساقلىشىپ ... جاھان تۇتىدىغان بەدبەخت، كاج تەلەي، تەتۈر پەلەك ...» («بورقۇم ئەۋلىيا»دىن) «دۇئايى بەد»لەردىن بولۇپ كېتىشكەن.

ئەل - يۇرت بىزنىڭ — ئەل بىزنىڭ، ① قارغىش قېپى سىزمۇ، بىز؟
سوراق - سوئال گەپ سىزنىڭ. سوراقى بار بۇ يۈزنىڭ. ②

بۇ يەردە ئىسلام دىن نۇقتىسىدىن شۇنى ھەم ئىزاھلاپ كېتىش لازىمكى: ھەر قايسىسى ئۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ «ھامىيسى»، «قوغدىغۇچىسى»،«ئىمان پاك»لىقىدا «جان تىككەن» دېيىشىپ،

① قارا قورۇم چوپانلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى تەركىبىدە ساقلىنىپ كەلگەن قوشاقلارنىڭ بىرى.
② يۈزىنىڭ — يۇرتنىڭ مەنىسىدە — ئا.

كارامەت «دىن»دارلىق، «ئىمانى پاك»لىق داغدۇغىلىرى بىلەن ئىش تەۋرەتكەن ئۇ كىشىلەرنىڭ دىنىي مەۋقەلىرى زادى نېمە؟ مېنىڭچە، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى بىرلا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ئىسلام پەيغەمبىرى يوق، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىرلا دىن — «قۇرئان كەرىم»نى تۈپ مەنبە قىلغان ئىسلام دىنىدىن باشقا يەنە بىر خىل «ئىسلام دىنى» زادىلا يوق، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھەرقايسى زامانلاردىكى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پەيدا بولغان يۇقىرىقىدەك «دىن»«ئىجاد»چىلىرى بىر ئاخشامدىلا، بىر دۇئا بىلەنلا پەيدا قىلغان «ئىسلام دىن»لىرىنى «دىن» ئۇقۇمىدىن قاراپ قوبۇل قىلىدىغان مۇسۇلماننى ھەقىقەتەن خۇدايى مۇسۇلمان ئۇقۇمىدىن ئەمەس، «پىر»لەر ئازدۇرغان — ئىماندىن ئازغان، دىيانىتى غەش مۇسۇلمان دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇلاردىن سوراپ بېقىش لازىمكى، «پىر» — «ئەۋلىيا»لىرى بىلەن ھەر كىم بىردىن «دىن» ياكى «دىنىي» مەزھەب پەيدا قىلىشسا، ئىسلام دىنىنىڭ ئىسلام دېگەن بىردىنبىر پاك نامىمۇ ئۆچۈپ كەتمەمدۇ؟ «قۇرئان كەرىم»نىڭ پاك تەلىماتلىرىغىمۇ نۇقسان بولمامدۇ؟ تارىخىمىزدا پەيدا بولغان يۇقىرىقىدەك «دىن ئىگىلىرى» ھەر قايسىسى ئۆز «دىن»لىرىنى بىر - بىرىنىڭ ئەقىدىسىنى بېرىدىغان قان چىقارماي ئادەم ئۆلتۈرىدىغان يۇمشاق پىچاق ياكى مەنىۋى خەنجەر قىلىشىۋالسا، ئۇنداقتا ئىسلامىيەتنىڭ ئۆملۈك — بىرلىك كۈچى، ئەسلى ماھىيىتى، قىممىتى نەدە قالىدۇ؟ مېنىڭچە، ئەنە شۇ خىل «دىنىي» پارچىلىنىش، دىنىي بۆزۈش ۋە يالغان «دىن» پەيدا قىلىش بىلەن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي دىنىنى بۇلغىغان، دىندىن ئازدۇرغان ھەر ئىككىلا «دىنىي» گۇرۇھنىڭ يېتەكچىلىرىنى دەل ئىسلام دۈشمەنلىرى — مۇرتەد، قارا يۈز شەخسلەر ھېسابىدىن قاراپ، رەت قىلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ مەسىلىنى ئىجتىمائىي مۇسۇلمانچىلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ ئۇلارنى يەنىلا ئۆز نەپسانىيەتلىرى ئۈچۈن مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنى قالماقلار ۋە مانجۇلار ئۈچۈن قۇل قىلىپ بەرگەن ۋە ئۆمەنلىگەن پاك دىل مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزۇپ بەرگەن، يۇرت - ماكانلىرىمىزنى ئانتى ئىسلام تائىپىلەرنىڭ ھوزۇر — ھالاۋەت جەننەتلىرىگە ئايلاندۇرۇپ بېرىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ خارۇزارلىق كۈلپەتلىرىنى ئاشۇرغان جىنايەتكار «پىر»لەر، «دىن» چىلار دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. «ئۇلارنىڭ تارىختا تۆھپىلىرى»مۇ بار ئىدىغۇ، دېگۈچىلەرگە يۇقىرىقى گەپلىرىمىزدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى سوئاللارنىمۇ بېرىپ كېتەيلى: ئالايلى، ئۇ «تۆھپىكار» زاتلار ئىسلام مەنپەئەتى ئۈچۈن، مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن راست ئىسلام ھەرىكىتى ئېلىپ بارغانمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىرەر قېتىممۇ، بىرەر يەردە، بىرەر كۈنمۇ ئىسلام دىن دۈشمەنلىرى — (لاما، ھىندى ۋە باشقا دىندىكى) تاجاۋۇزچى خۇنخورلارنىڭ زۇلمىغا، باسقۇنچىلىقىغا قارشى كۈرەش قىلغان چاغلىرى بارمۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىزنى ئىستىبدات زالىملارنىڭ پايدىسى ھېسابىغا تۈرگۈن «دىنىي» بۆلەكلەرگە، تۈرگۈن «دىنىي» زىددىيەتلىك سەپلەرگە پارچىلاپ، بىرىنى-بىرى بوغۇپ ئۆلتۈرىدىغان پارچىلىنىش ئاپىتىگە باشلاپ - يېتەكلەپ، «دۇئا»لىرى سېھىرلىرىدىن چىقارماي تۇرۇشقان؟ بۇلار مۇسۇلمانچىلىق ئۈچۈن ياكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ «دىنى»غا راۋاج بېرىش ئۈچۈنمىدى؟ ئۇلارنىڭ گۈزەل يۇرت - ماكانلىرىمىزنىڭ — (بۇ يۇرت - ماكان ئەجنەبىي خوجا - ئىشانلارنىڭ ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە) بايلىق غەنىمەتلىرىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەزىز پەرزەنت — قىز - ھەمشىرىلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارغا ئارتىق قىلمىشىپ، بەدەل - شەپقەت ھېسابىدا ئالغان خەنجەر، قامچا ... لىرىنى كىمنى بوغۇزلاش كىمنى دۇمبالاشقا ئىشلەتكەن؟

* * * «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار»دىن * * *

«تۆگىنىڭ قانچىلىك ياۋاش ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم، ئەگەر كىچىك بالا ئىزگىنىدىن يېتىلىسە، يۈز چاقىرىم يەرگە كېتىۋېرىدۇ. ھەرگىز بالىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدۇ. ئەمما ھالاكەتكە سەۋەبچى بولۇش ئېھتىمالى بولغان خەتەرلىك بىر ساي ئۇچراپ، بالا نادانلىق قىلىپ ئۇ يەرگە مېڭىۋەرمەكچى بولسا، ئۇ چاغدا تۆگە بالىنىڭ قولىدىن ئىزگىنىنى ئۈزۈپ، ئىككىنچى بويسۇنماي قويىدۇ. چۈنكى، قاتتىق قول بولۇش پەيتىدە يۇمشاقلىق قىلىش ئورۇنسىزدۇر. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئېيتقانلىكى: دۈشمەننى يۇمشاق مۇئامىلە بىلەن دوستقا ئايلاندۇرالمايسەن، بەلكى ئۇنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويىسەن».

تۆۋە قىلىشقا قول كۆتۈرگەن گۇناھكار ئادەم غالىبىيەت ئالغان سوپىدىن ياخشىراق.

— («گۈلىستان» 309 ـ، 314 - بەتلەردىن)

## ت. تارىخىي ئىزدىكى ھايات كۆشەندىلىرى

خوجا - ئىشانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىزدە ئومۇمەن جەمئىيەت خاراكتېرلىك يۇقىرى زوراۋانلىقتا كۆتۈرۈلگەن يۇقىرىقى تارىخىي يىللار جەريانلىرىدا خوجا - ئىشانلار ئىجاد قىلىشقان «تەرىقەت - سوپىلىق يولى» — (ئىدىئولوگىيىسى)نىڭ تۈزۈم - قائىدىلىرى — (ئەمەلىيەتتە قەبىھ زوراۋانلىققا يوشۇرۇنغان قائىدىلىرى) بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىزنىڭ «روھىي چېقىش يول»لىرىدا مەلۇم ئىدىئولوگىيىلىك داۋالغۇش كىرىزىسى شەكىللەندۈرگەنىدى. مەسىلەن: بىر قىسىم ئەۋھاپەرەس ئەجدادلىرىمىز خوجا - ئىشانلار تاڭغان «تەرىقەت» تۇرمۇشىنى ئېزىقىپ قىزىقىش ئېتىبارلىرىدىن، ھەۋەس قىلىش مەۋسۇمىگە، ھەۋەس قىلىش مەۋسۇمىدىن تەدرىجىي مۇقىم ئىخلاس قىلىش - كۆنۈش ئادەتلىرىگە ئۆزلەشتۈرۈش ھۆلىنى بېسىشماقتائىدى. بۇ خىل ئىدىيىۋى ئۆزلەشتۈرۈش بارا - بارا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تۇرمۇش، مىللىي ئادەت ۋە مىللىي بارلىقلىرىنىڭ ھەممە ئىجتىمائىي قاتلام - تەركىبلىرىگە قاتتىق، قارام روھىي ھۇجۇم شەكلىدە كېڭىيىپ، ئۇنى يوقىتىشنى نىشان قىلغان يېڭى «ساپ تەرىقەت يولى» — «سوپىلىق ئەخلاقى»، «سوپىلىق يولى»، «سوپىلىق تىرىكچىلىكى» ... دېگەندەك سەلبىي - غەيرىي ئىنسانچىلىق ئالامەتلىرى ھالىتىدە ئېپادىلىنىپ باراتتى. بۇ خىل يېڭى ئىجتىمائىي «ئىنسان كەيپىياتى»نى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېڭى تاللىشى، يېڭى «دىنىي پەزىلەت»لەرگە «كۆچۈشى» دېيىشكىمۇ بولاتتى. بۇ خىل «سوپىلىق ئەخلاقى»، «سوپىلىق يولى»، «سوپىلىق تىرىكچىلىكى» مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ئاپپاق خوجىنى «داھىي» — «مەركەز» قىلغان «ئىشقىيە»چى «دىن»دار «ئاق تاغلىق»سوپى - ئىشانلار ھۆكۈمرانلىقى كۈچەيگەن چاغلاردا «خۇدا ئۈچۈن ئالتە پاكلىق»، «توققۇزدىن تەرك بولۇش»، دانىيال خوجىنى «داھىي» — «مەركەز» قىلغان «ئىسھاقىيە»چى «قارا تاغلىق»سوپى - ئىشانلار ھۆكۈمرانلىقى كۈچەيگەن چاغلاردا «خۇدا ئۈچۈن ھەپتە پاكلىق» (يەتتە پاكلىق — ئا)، «ئون تەرك بولۇش»لار بويىچە جارى ئەتكۈزۈلگەنىدى (بۇ يەردە مەسىلە ئۈچۈن ئالتە، توققۇز «پاك»، «تەرك» توغرىسىدا توختالمايمىز — ئا). ئالدىنقى ئالتە، توققۇز «پاك»لىق بىلەن «تەرك»بولۇش ئاپپاق خوجىنىڭ مۇنۇ «دىنىي ئىدىيە»سىدىن پەيدا قىلىنغان «ئىجادىيەت» ئىدى. بۇ «ئىدىيە» مۇنۇ نۇقتىدىن يەنى — «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئەگەر كىشى پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا، ھەزرىتى ئاپپاق خوجام بولاتتى ... ئۇ، زات مۇنداق دېگەن: «ئەششەيخو پىقەۋ

مەھى كەننەبىييى فى ئۇممەتىھى ـــ مەنىسى پىر دېگەن پەيغەمبەرگە ئوخشاش، مۇرىت پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتىگە ئوخشاش، پەيغەمبەرلەرگە قانداق ۋەھيى كەلگەن بولسا، ئەۋلىياغىمۇ شۇنداق ۋەھيى كېلىدۇ» («تەزكىرە ھىدايەت» پارسچىدىن تەرجىمە قولىيازما 8- بەت) ① دېگەن نۇقتىدىن ھاسىل بولغانىدى. دېمەك ئۆزىنى يۇقىرىقىدەك ناپسىمنىڭ مۇناپىقلىقى بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىز باسارى» ئېلان قىلغان ئاپپاق خوجا ئۆز «دىنىي» مەۋقەسىنىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ دەل دوقول ئەقىدىۋى پىرىنسىپلىرى بىلەن ياندىشىش ھېساب قىلاتتى. مانا بۇ، ئاپپاق خوجىنىڭ «دىنىي ئەمدىيەسى» دېيىلەتتى. مانا مۇشۇ «ئەمدىيە»دە ئالغا سۈرۈلگەن «ئالتە» «پاك»لىق (مەزمۇنەن): 1) بىر تەن بىر جان بولۇپ پاك تۇرماق، 2) پىرغا سادىقەتتە پاك تۇرماق، 3) ماددىي غەنىمەتلەردىن خالىلىقتا پاك تۇرماق، 4) دۇنياۋى ھەۋەسلەردىن پاك تۇرماق، 5) مەئىشەت ـ پاراغەتتىن پاك تۇرماق، 6) جىنسىي ھەۋەستىن پاك تۇرماقتىن ئىبارەت.

ئاپپاق خوجا مۇنداق دەيدۇ: «... مۇرىتلىق ـــ (ئەلۋەتتە ئۆزىگە مۇرىت بولغانلار ـ دە، ـ ئا) دۇنيادىن، بارلىق مەئىشەتتىن، مەنپەئەتلەردىن ۋاز كېچىپ، ئۆي تۇتمايدىغان، تىرىكچىلىك قىلمايدىغان، تاپقاندا يەيدىغان، بولمىسا ئاچ يۈرىدىغان ... خىسلەتلەرنى ھازىر قىلغان بەندىلەرگە خاستۇر ... ئىسلامى ھەقىقەت نېمە؟ ئىسلامى ھەقىقەت دېگەن پۇل تاپىمەن، تىجارەت قىلىمەن دېمەسلىك، ھۈنەر قىلىمەن دېمەسلىك، خۇدا بەرسە يەپ، بولمىسا ئاچ يۈرۈش، بۈگۈن بۇنى يېدىم، ئەتە ئۇنى يەيمەن دېمەسلىك ... مانا بۇ ئىسلام ھەقىقىتىدۇر ...» («تەزكىرە ھىدايەت» پارسچىدىن تەرجىمە قولىيازما 10- بەت).

دېمەك، ئاپپاق خوجا «دىنىي ئەمدىيە»سى ھېسابلىنىدىغان «ئىشقىيە» سوپىلىق يولىنىڭ بۇ «پىرىنسىپلىرى» بويىچە بولغاندا، مۇسۇلمان قايتىدىن ئاپپاق خوجىچە «پاك» مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن، چوقۇم:

بىرىنچىدىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئەقىدىسى ـــ (ئەمدىيەسى)دىن مەلۇم دائىرىلەر بويىچە چەتلىشى لازىم بولىدۇ، ئەلۋەتتە. يەنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ 56- سۈرىسى ـــ «سۈرە ۋاقىئە» 96- ئايەتتە قەيت قىلىنغان: «... ئۇلار سەرى دەرەخلىرىدىن، سانجاق-سانجاق بولۇپ كەتكەن مەۋز دەرەخلىرىدىن، ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن، ئېقىپ تۇرغان سۇدىن، تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مېۋىلەردىن، ئېگىز، يۇمشاق چۆشەكلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن يارىتىمىز، ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق،

① «تەزكىرە ھىدايەت» ـــ ئاپپاق خوجىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە يېزىلغان پارسچە نەسرى ئەسەردۇر. بۇ ئەسەرنى ھىجرىيە 1226- يىلى ماھى رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 12 سىدە (مىلادى 1808- يىل 12- ئىيۇندا ـــ ئا) ئۇيغۇر موللا مۇھەممەد كۇچارى قەشقەردە يېزىپ تاماملىغان. موللا مۇھەممەد خەلپەت قەشقەرى بۇيرۇپ يازدۇرغان 104 بەتلىك بۇ پارچە ئەسەر ئۆز زامانىسىنىڭ يەرلىكتە ئىشلەنگەن تولىمۇ نەپىس ئەلا سۈپەتلىك مەنجام، پالتىلىق بوز رەڭ ساماق قەغەزگە تاش مەتبەدە چاپ قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن بۇيان ئاساسەن ئاپپاق خوجىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ كەلگۈچىلەرنىڭ «گۆھەر قول لايىھىسى» ھېسابلىنىپ كەلگەن. بۇ ئەسەرنى مەن ئۆز ۋاقتىدا گۇمنامىق ئولىما راشىدىن ئاخۇنىدىن ھەدىيە ئالغانىدىم. ھۆرمەتلىك تارىخچى تەتقىقاتچىلىرىمىزدىن ئابدۇقادىر داۋۇتنىڭ ياردىمى بىلەن يېقىندا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ تەييارلىدىم. مۆھتەرەم ئابدۇقادىر داۋۇتقا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

تەكىتلەش قىلىدۇق ...» («قۇرئان كەرىم» ئۇيغۇرچە يېڭى باسما نۇسخا 586- بەتتىن) «... ئاللاھ سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆسكەن دەل - دەرەخلەر بىلەن چارۋاڭلارنى باقىسىلەر. سىلەرگە شۇ يامغۇردىن زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ ... ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى ... ئاللاھ يەنە يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ياراتقان رەڭگا - رەڭ نەرسىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى ...» («قۇرئان كەرىم»—16- سۈرە نەھل»دىن) دېگەنلەردىن قەتئىي ۋاز كېچىشلىرى لازىم بولىدۇ.

ئەكسىنچىدىن، بۇ «دىنىي ئىدىيە»نىڭ يېتەكچى ۋارىسلىرى مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي تەركىي دۇنيا تىرىكچىلىك ئېقىمىغا بەنت قىلىۋېتىپ، ئۇلارنى گوياكى تەبىئىي بىر تەن، بىر جاندىن بۆلەك ھېچقانداق ئىنسانچىلىق شارائىتى بولمايدىغان «قولىدىكى قورال» ياكى «تەزكىرە ھىدايەت»تە تەكىتلەنگەندەك: «ئۆل دېسە، ھازىر ئۆلىدىغان، تىرىل دېسە ھازىر تىرىلىدىغان»، جېنى، تېنىلا بار، قىلچە ئادەملىك ۋۇجۇدى يوق تىلسىز گۆش قورچاق ھالىتىدىكى بەدەۋىي ئىنسانلار تۈركۈملىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، يېتەكلەپ تۇرۇشقان. «تەزكىرە ھىدايەت»تىن بۇ ئەھۋال مۇنداق تەرىپ قىلىنىدۇ: «بۇ زاتنىڭ تۈزىنى ساقلاپ، شەك - شۈبھىسىز پاكلىق، بالاغەتتى بىلەن خۇدايى بەندىچىلىك قىلىدىغان. ئۇن مىڭ ئىخلاسمەن مۇتەۋەللى سوپى - زات «ئىشقىيە» يولىنى جارى قىلۇر ئېردى. پىرىمىنىڭ جىمىكى مۇرىتلىرى دۇنيانى قىلچىمۇ دوست تۇتمايدىغان، ئىززەت-ئابرويىنى دوست تۇتمايدىغان، قورسىقىنى تويغۇزارمەن دەپ تىجارەت قىلمايدىغان، ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلايدىغان، خۇدانىڭ ھەر قانداق بالا - قازاسىغا كۆكرەك كېرىپ تۇرىدىغان، دۇنيانىڭ پايدىسىدىن زىيىنىنى ياخشى كۆرىدىغان، غورۇر - شۆھرەتتىن كۆرە دەككە - خورلۇقنى خوپ بىلىدىغان، بىھېش ساۋابى كۆپ كارامەت پاك دەرۋىشلەردىن ئىدىلەر ...»

ھۆرمەتلىك «ئۇلۇغ زات» ئەينى تارىختا بىزگە پۈتۈن ئادىمىزاتنىڭ ياۋايىلىرىنى، خار - بىئېتىبارلىرىنى، ئىنسانچىلىق پەزىلەت ۋە تىرىكچىلىكتىن يىراق، قەلبىدە بىرلا خوجامدىن بۆلەك ئىنسان تايانچىسى بولمايدىغان، مىللىي ئاڭ، نەسلى-نەسەپ مۇرادى يوق، ئىنسانچىلىق ۋىجدان، ھەق-ناھەق سېزىمى بىلەن نومۇس، ئىنسانىي مۇھەببەت، ئىنسانىي ئىستەك، ئىنسانىي مەسلەك، غايە ۋە ئىنسانىي ئارزۇ بولمايدىغان، ماكانسىز - ۋەتەن تۇتمايدىغان، ۋەتەن چۈشەنچىسى يوق ... بىر قىسىم سۈرەتتىكى ئادىمىزات — «ئاشىق» قەلەندەر، تەرسا، بىنومۇس، ئاچكۆز ...لەرنى، ئومۇمەن يەر يۈزىگە ھارام يۈك، ئەلگە نومۇس، ئىنسانغا نىجىسلىق ئىللەتلىرى بىلەن ئۆتىدىغان «پاك»- «مۇرىت»، مۇرىتلار تۈركۈملىرىنى تەربىيىلەپ، يېتىشتۈرۈپ بەرگەن روھانىي قىلمىشلىرى بىلەنمۇ ئالاھىدە يادلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇ، زاتنىڭ ھازىرقى زامان ۋارىسلىرىدىن سوراپ كۆرەيلى: ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق قىلىقلىق مۇسۇلماننى بەندىم، پەيغەمبىرىم ئۈممىتىم دەرمىدى؟ مۇسۇلمانچىلىقنىڭ «بەش پەرز»ىنى ئادا قىلمىغان مۇسۇلماننى «مۇسۇلمان» دېيىشكە بولارمۇ؟

«قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنى چىقىش قىلغان ھەدىس ھەم باشقا ئىسلام كىتابلىرىدا مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇسۇلمانچىلىق سۈپەتلىرى: 1) ئەقىل ۋە ئەمەلىيەت؛ 2) توغرىلىق ۋە راستلىق؛

8) مۇرۇۋۋەتلىك، بۇ ئۈچ سوپەتنىڭ سەرمايىسى ۋە ئۇلۇغى — ئەقىلدۇر دېگەن پەلسەپىنىڭ غايە نامايەن ئىدىغۇ؟

ئاپپاق خوجا «داھىي»لىقىدىكى «ئىشقىيە»چى سوپى- ئىشانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا يوقىرىقىدەك بەندىچىلىكتە «پاك تۇرماق»، «ئادا تۇرماق»لارنىڭ كاساپىتى بىلەن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تەركىبىدىن (ئاساسەن قەشقەرىيەدىن) شۇ زامانلاردىكى مۇسۇلمان ئوتتۇرا شەرق بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان ئەللىرىدە «مەككىگە ماڭغان مۇساپىر»، «ئەنجانغا چىققان يېتىمچى»، «يېتىراپ يۈرگەن ئالا خورجۇن» ... لار نامىلىرى بىلەن «خۇدايى قەلەندەر» بولۇپ چىقىدىغان «ئاشىق» «دىۋانە»لار كۆپىيىپ كەتكەن. يەنى تىلەپ ۋە تىلەمچى «دۇئا» قىلىپ خەلقتىن قېپىنىدىغان تىرىكتاپ «خۇدايى سوپى»، «خۇدايى بۇۋدم»، «خۇدايى ئىشان»، «سەئىد» ... لەر تىلەش، ئالداش، بۇلاش، «ئىمان» يېڭىلاش، «قول قوبۇل قىلىش -(قول بەرگۈزۈش)»، «خۇدا چاچقان رىزقى»نى ئىزدەپ - تېپىپ يېيىش ... «كەسىپ»لىرىنى كەسپىي ئىختىيار ئەيلىشىپ باشلىرى قايغان، ھوشۇقلىرى تايغان تەرەپلەرگە «خۇدايى ھىجرەت» قىلىشىدىغان لاماكان، نومۇسسىز، تېجىمەل «خۇدايى» يالاڭتۆشلەردىن بولۇپ كېتىشكەن. ئۇلارنىڭ ئورتاق «بەندىچىلىك ئىبادىتى»نىڭ شەكلى سوپەتلىرى بىر تۇتاش «ئاشىق»لىقتىنلا ئىبارەت بولغان. ئۇ خىل «ئاشىق»لىق توغرىسىدا ھۆرمەتلىك مۇئەللىپ ھاجى نۇر ھاجى ئۆزىنىڭ «سوپىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئۇلار توپلانغان جايدا ياكى يەككە - يېگانە ھالدا قانغۇدەك چىلىم تارتىپ نەشە چېكىشنى ‹ئىبادەت› دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئارقىلىق ‹خۇدا›غا ئاشىقلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى چاچلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ، ساراڭلارچە ھاياتقا قەدەم قويغانلىقىنى ‹خۇدا›نىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى پىدا قىلغانلىق دەپ قارايدۇ ...»

دېمەك، تارىخىمىزدا پەيدا بولغان ئىجتىمائىي ئىللەتلەر: بەڭگى قەلەندەر - چىلىك، تەپىرىقە، نوقانچىلىق، مىللىي ئاڭسىزلىق، «خۇدايى» قۇللۇق، ئىجتىمائىي ئىنسانىيەتسىزلىك، غەيرىي ئىنسانپەرەسلىك، خورلۇق ... ئىللەتلىرى ئەنە شۇ «ئۇلۇغ» ئاپپاق خوجىنىڭ «ئالتە پاك»، «توققۇز تەرك» «دىنىي ئۆزۈمى»نىڭ مەھسۇلاتلىرىدۇر. بەندىلەرنى يۇرتسىز - ماكانسىز، قەۋم - قېرىنداشسىز، نەسلى - نەسەبسىز، غورۇر - ئىستىك- سىز، بەدقىلىق، بەدەۋى تەقسىرلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىشنى تۈپ «دىنىي نىشان» — مەقسەت قىلغان ئۇ «ئەۋلىيا» زاتنىڭ ھازىرقى زامان ساقىندى ۋارىسلىرى ھېسابىدىن بولغان قەلەندەر، «پىر» ئابدال، «ئاشىق»، «قاسساق ۋەلى»، «دىنىي كۆكەمە»لەر — (خۇدا تىلەشكىلا يارىتىپ، بېرىشكە يارىتمىغان) «خۇدايى» ئوششۇق، كۆڭلى غەش، ۋىجدان، نومۇستىن مەھرۇم، بەدەۋى تەقسىرلەرنى ھېلىمۇ مىللىي تەركىبىمىزنىڭ مەرەز بۆلەكلىرى سۈپىتىدە ئۇچرىتىپ تۇرماقتىمىز.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# ئەكبەر شاھنىڭ سوئالى

(تارىخىي چۆچەك)


16 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئەكبەر شاھ كۆپلىگەن قەبىلە ۋە خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇپ ئۆز دۆلىتىنىڭ چېگرىسىنى شىمالدا تىبەتكىچە، جەنۇبتا گوداۋارى دەرياسىغىچە، غەربتە گۇجرات ۋىلايىتى، شەرقتە بېنگالغىچە كېڭەيتكەنىكەن.

بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەر ۋە خەلقلەر تۈرلۈك دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇشلار يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر بىرلىكتە پۇقرادارچىلىق قىلىشتىن باش تارتىپ، ئىسيان ۋە قوزغىلاڭلار مەملىكەتنى خانىۋەيران قىلىۋەتكەنىكەن. ھىندى دېھقانلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيىدىن بىر يۇتۇم سۇ ئىچىشتىن كۆرە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈشنى ئەۋزەل كۆرىدىكەن. ئۇلار ھىندى قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ خەلقنى ئۆزىنى تالاۋاتقان يېرىك مۇسۇلمان زېمىندارلىرىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇترىتىدىكەن. مۇسۇلمانلار بولسا ھىندى فېئودالار بىلەن سودىگەرلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن مەخپىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپتىكەن.

ئەكبەر شاھ ئۆز دۆلىتىنى ئىچكى ئۇرۇش بولمىغان، مەركەزلەشكەن قۇدرەتلىك ئىمپېرىيىگە ئايلاندۇرۇش ئارزۇسى بىلەن مۇسۇلمان ۋە ھىندى فېئوداللىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرماقچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىر كۈنى پازىللىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەشھۇر بۇددا راھىبىنى سارىيىغا چاقىرىپ:

— ئۆز ئارا ئۇرۇش - جاڭجاللارغا قانداق بەرھەم بەرسەك بولىدۇ، — سوراپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ راھىب جاۋابەن، — بىر زامانلاردا گانگى دەرياسىنىڭ ئوڭ ساھىلىدا براھما دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى كىشىلەر ياشايدىكەن. ئۇلار دەريانىڭ قارشى ساھىلىدا ياشىغۇچى ئاتەشپەرەستلەر بىلەن دۈشمەن ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەريانىڭ ئوڭ ساھىلىدا ياشىغۇچىلارنىڭ يېنىغا بىر مەشھۇر سېھىرگەر كەپتۇ. سېھىرگەر: «نېمىنى خالىساڭلار بېرىمەن. پەقەت بىرلا شەرتىم بار: دەريانىڭ قارشى ساھىلىدا ياشىغۇچىلار سىلەرگە نىسبەتەن ئىككى باراۋەر كۆپرەك



ئېلىمىشى كېرەك» دەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلار سېھىرگەرگە: «ياخشىسى ھەر بىر باراۋەر ئۈچۈن ھەر بىرىمىزنىڭ بىردىن كۆزىمىزنى ئويىۋالغىن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇلار قارشى ساھىلدىكىلەرنىڭ قارىغۇ بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بىر كۆزىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى خالىغانىكەن.

راھىب بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلىپتۇ:

— بارچە كىشىلەر بۇددا دىنىنىڭ نۇرىدىن بەھرىمەن بولغان چاغدىلا ئاردىكى ئۆزئارا نەپرەتنىڭ ئوتى ئۆچىدۇ.

بۇ گەپلەر ئەكبەر شاھقا ياقماپتۇ. ئۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئەۋلىيا دەپ نام چىقارغان شەيخ سەلىمنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى سوئالنى سوراپتۇ.

— ئاللاھنىڭ كەرىمى كەڭ، — دەپ خىتاب قىلىپتۇ شەيخ، — بارچە كاپىرلار مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتىنى قوبۇل قىلغان چاغدىلا ئۇرۇش-جاڭجاللار بەرھەم تاپىدۇ.

بۇ جاۋابمۇ ئەكبەر شاھقا ماقۇل كەلمەپتۇ. چۈنكى پۇقرالارنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىلا ئىسلام دىنىنىڭ تۈرلۈك مەزھەپلىرىدە ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلار ئۆزئارا بىر - بىرىگە ئەشەددىي دۈشمەنلىك قىلىشار ئىدى. ئەكبەر شاھ 1577 - يىلىدىلا تەڭگىلەرگە مۇسۇلمانلىقنىڭ بىشارىتى بولغان «ئاللاھتىن ئۆزگە خۇدا يوق» دېگەن سۆزلەرنى ئويۇشنى توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، ۋىنو ۋە چوشقا گۆشىگە بولغان تەقىپنى بىكار قىلغانىكەن.

شۇ چاغدا ئەكبەر شاھ «شائىرلارنىڭ شاھى» دەپ نام ئالغان دەھرى بىربالغا مەسلىھەت سېلىپتۇ. بىربال ئەسلىدە كەمبەغەل ئائىلىدىن بولۇپ، ئەقىللىقلىقى ۋە ھازىرجاۋابلىقلىقى تۈپەيلىدىن ئەكبەر شاھ ئۇنى ئۆز يېقىنلىرىنىڭ ئارىسىغا قوشۇۋالغانىكەن. «ئەگەر بارچە دىنلار يوقالسا، دىنىي دۈشمەنلىكمۇ يوقالغان بولاتتى» دېيىشكە بىربال پېتىنالماپتۇ. شۇڭا ئۇ ساراي ئەھيانلىرىدىن:

— نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، بىلمەيمىز، — دەپتۇ ئۇلار بىر ئېغىزدىن.

— ئۇنداق بولسا، سىلەر بىلمىگەن نەرسىلەر ھەققىدە گەپلىشىپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، — دەپتۇ بىربال. ئەكبەر شاھ بولسا:

— ئۇلار بىلىدۇ، دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، بىلىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە گەپلىشىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، — دەپتۇ يەنە بىربال.

شۇ چاغدا، ساراي ئەھيانلىرى ھېيلە ئىشلىتىپ، بىربالنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولۇشۇپتۇ - دە، بەزىلىرى: «بىلىمىز»، بەزىلىرى: «بىلمەيمىز» دېيىشىپتۇ.

— ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ بىربال كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنداق بولسا بىلىدىغانلار بىلمەيدىغانلارغا دەپ بەرسۇن.

---

ئۆزبېكچە: «ياش لېنىنچى» گېزىتىنىڭ 1987 - يىل 28 - نويابىر سانىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەزىزى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى




مۇھەممەتئېلى زۇنۇن

## تۇتقۇن پەرىزات

مەن ئىدىم ئەل دىلبىرى،
بىر جۈپ كۆزىنىڭ گۆھىرى.
ئۆزگە يۇرتتا ئەمدى مەن
بىئەتىۋار تۇتقۇن پەرى.

شان ئىكەن، ئۇنۋان ئىكەن
ئۆسكەن دىيارى— ئۆز يېرى.
جان ئىكەن، دىرمان ئىكەن
ئەجدادىنىڭ تۆككەن تەرى.

بەخت قۇشۇم ئۇچتى يىراق،
ئۆچتى يولۇمدىن نۇر چىراغ،
ئۆرتىمىدى جاننى يىراق
چەتئەلگە كەتكەندىن بېرى.

بەخت دېگەن، ئامەت دېگەن،
دۆلەت دېگەن، راھەت دېگەن
بىر قىيا باقمايدىكەن،
كىم بولسا ئۆز يۇرتتىن نېرى.

ئاخىرقى تەكرارى:
مەن ئىدىم ئەل دىلبىرى،
بولدۇم بۈگۈن تۇتقۇن پەرى.
شام بولۇپ ئاقتى ۋەتەن
ئىشقىدا كۆزنىڭ گۆھىرى.

## يىغلىما

كۆزۈڭدىن ئاقتى مەرۋايىت،
سېنىڭ دەردىڭنى ئۇ بىلمەس.
يىغانىڭدىن ياندى بىر ئوت،
سېنىڭ قەلبىڭنى ئۇ بىلمەس.

گۈلى رەنا ئىدىڭ، سولدۇڭ،
سېنىڭ قەدرىڭنى ئۇ بىلمەس.
كۆزۈڭنى ياشلىما مۇنچە،
ۋاپا - مېھرىڭنى ئۇ بىلمەس.

نادامەت قوينىغا چۆككەي،
سېنىڭ قەدرىڭ ئۆتۈلگەندە.
پۇشايمان خەنجىرى بىرلە
يۈرەك - باغرى سۆكۈلگەندە.



# گۈزەل

گۈل گۈزەل، غۇنچە گۈزەل،
گۈل ھۆسنىدە ئۈنچە گۈزەل.
قايسى باغ، قايسى چىمەنىنىڭ
گۈللىرى مۇنچە گۈزەل.

لالە، گۈلئەنبەر گۈزەل،
گۈلچى پەرى — دىلبەر گۈزەل.
گۈلچىمەنى، گۈل - غۇنچىنى
تۇغقان سۆيۈملۈك يەر گۈزەل.

# كېلىڭ

ئەي ئەزىز مېھمان، كېلىڭ،
مەردانە قىز - ئوغلان، كېلىڭ.
قەلبىمدە ئىشقى ئوتى
يالقۇنلىغان كارۋان، كېلىڭ.

بۇ سارايى — گۈلباغىمىز،
خۇرسەن ئۆتەر ھەر چاغىمىز،
ئەيلىمەك مېھماننى رازى
بىزگە شۆھرەت - شان، كېلىڭ.

قايتارما:
ئەي ئەزىز مېھمان، كېلىڭ،
مەردانە قىز - ئوغلان، كېلىڭ.
سىز ئۈچۈن ئەتلۇق پىدا
بىر جان ئەمەس، مىڭ جان،
كېلىڭ.

# ئايرىلمىسۇن

تاغدا يولۋاس شاھ ئىكەن، ئۆز تاغىدىن ئايرىلمىسۇن،
باغدا بۇلبۇل شاد ئىكەن، گۈلباغىدىن ئايرىلمىسۇن.

ئاق - قىزىل لەيلى گۈزەل زۇمرەت كەبى ياپراق بىلەن،
بارچە گۈل - غۇنچە يېشىل ياپراقىدىن ئايرىلمىسۇن.

ھەر نېمەرسە قەدرى - قىممەتلىك ئەزىز تۇپراقىدا،
بىخ سۇرۇپ ئۆسكەن ئەزىز تۇپراقىدىن ئايرىلمىسۇن.

ئەھلى ئىنسان جانىجان تۇپراقىدىن ئايرىلمىسۇن،
مەڭگۈلۈك ئارزۇ - مۇراد بايراقىدىن ئايرىلمىسۇن.

# قالدۇرايلى تۆھپىلەر

ئاپىرىن خانتەڭرىنىڭ زىباسىغا، بەرناسىغا،
جانىجان ئەۋلادىنىڭ پەرۋانىسى — شەيداسىغا.

پەن - بىلىمنىڭ قۇدرىتىدىن ئەيلىدى گۈلباغ بەنا،
بۇ ئانا يۇرتىنىڭ پايانسىز تاغ - دالا، سەھراسىغا.

پەن - بىلىم سۆيگەن كىشى، ئەل بەختىگە كۆيگەن كىشى،
ياقتىلەر نۇرانە شام ئىنسانىيەت دۇنياسىغا.

تۆھپىكار ئەجدادىمىز قالدۇردى شۆھرەتلىك مىراس،
تولدۇرۇپ تارىخ بېتىنى شان - شەرەپ رەناسىغا.

تۆھپىكار ئەجدادىمىزدەك قالدۇرايلى تۆھپىلەر،
چوڭ سەپەر كارۋانلىرىنىڭ ئىز باسار ھەقداسىغا.

# بىز-ئانا

(ئىككى كىشىلىك ئايالچە ناخشا)

بىز — ئانا، باتۇر نەسىللەر كانى بىز،
مېھرى شەپقەت تەختىنىڭ سۇلتانى بىز.

ياغدۇرارمىز نۇر - ھارارەت ھەر زامان،
نەسلىمىز قۇياشى بىز، چولپانى بىز.

بىز — ئانا، بىز — پاشپاناھ، بىز — رەھنىماھ،
نەسلىمىزنىڭ جانى بىز، دەرمانى بىز.

ھېچ كۆمۈلمەس ئەجرىمىز، قان - تەرىمىز،
بىز سۆيۈملۈك نەسلىمىز قۇربانى بىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## قەلبىم خىتابى

بارمىدۇ زەرگەرگە قىممەتلىك ئىنەمەزەردىن بولەك، تۈز ئېلىم -شاھانە تەختىم، ۋارىسى-شاھانە ...
چاڭقىغان سەيياھقا ئاتەش چۆلدە كەۋسەردىن بولەك. يۇرت - ۋەتەنسىز كىم ئۆزى ئىمىجان ... دەردىن بولەك

خەلقى ئالەم ئالدىدا قىلغاي خىتاب قەلبىم مېنىڭ: جان كېرەك، ۋىجدان كېرەك ئاقلاش ئۈچۈن يۇرت مېھرىنى،
ھېچنېمە يوقتۇر قەدىرلىك بۇ ئانا يەردىن بولەك. ئاقلىميالماس ھېچنېمە ۋىجدان ۋە قان-تەردىن بولەك.

## سەن كۆرۈنگەندىن بۇيان...

بەختىيارمەن سەن تولۇنئايىم كۆرۈنگەندىن بۇيان، جەننەتۇل رىزۋانغا ئايلاندى ھاياتلىق ئالەمى،
نۇر جامالىڭدىن يۈرەك-قەلبىم سۆيۈنگەندىن بۇيان، بەر تىنىمىق، بەر جان بولۇپ مەنزىلگە يۈرگەندىن بۇيان.

بولدى غايىب بۇ جاھانىمىڭ بارچە غەم-تەشۋىشلىرى، بەختىيارمەن، ئەي نىگارىم، سەن كۆرۈنگەندىن بۇيان،
شۇ گۈزەل نازىڭ بىلەن گۈلباغدا كۈلگەندىن بۇيان. بەر بۈيۈك يالقۇن ئىچىندە بىللە كۆيگەندىن بۇيان.

## نىگار

چاڭقىغان قەلبىم ياشاردى ئېھتىرامىڭدىن، نىگار، بۇ ھاياتلىق دىزقىنىمىڭ يەتمەس ئىمكەنىمەن قەدرىگە،
تاڭ سەھەردە يوللىغان شېرىن سالامىڭدىن، نىگار. ئىچمىسەم بەختىم شارابى مېھرى جامىڭدىن، نىگار.

ئەيلىمىدىڭ گوياقارا كىغۇ تۈنىنى قۇتلۇق تاڭ-سەھەر، چاڭقىغان قەلبىم ياشاردى ئېھتىرامىڭدىن، نىگار،
ياغدۇرۇپ ئاتەش - ھارارەت سۆيگۈ شامىڭ ... يوللىغان شېرىن جاۋابى ئۇتلۇق سالامىڭ
... مى، نىگار ... دىن، نىگار.

## شائىرغا

(...)

تۇرسۇن نىياز

شائىرسەن — كۆيى ئۇتلۇق، دوستىمسەن ۋەتەن — ئەلنىڭ، شائىرسەن — ئىجادكارسەن،
ئۇتمىگىدىن ئىبرىدگەي ئالەم. يۈرەك تەشناسىغا كەۋسەر. ئادالەت تەختىدە سولتان.
شائىرسەن — دىلى نۇرلۇق، رەقىبىسەن — رەقىبلەرنىڭ، كۆيۈڭدە كۆيلىنەر دۇنيا،
سۆزىڭدىن ئويغۇنار ئادەم، قادالغان كۆكسىگە خەنجەر. سېنىڭدىن رازىدۇر ئىنسان.

# ئۇسسۇلچى قىز

تۇرغان شاۋۇدۇن

سەھنە مېنىڭ جەۋلانگاھىم، پەخرىم، شادلىقىم،
سەھنە بىلەن تاپتىم كامال كۆرگەن ياشلىقىم.

ساڭا تەگكەش ئۇ دۇنيايى ئۇسسۇل دىللار يايرىسۇن،
تاغدا كاككۇك، باغدا بۇلبۇل خۇشال سايرىسۇن.

قارلىغاچتەك پەرۋازىمدىن باھار تاڭ قالار،
ئاققۇ سۇپەت رەپتارىمدىن دىللار زوق ئالار.

پەرۋازىمغا سامان يولى بولسۇن پايانداز،
كۆك قىزلىرى باقسۇن خۇشال ئەيلىشىپ خۇش ناز.

چال سازەندەم شوخ سازىڭنى ياڭراق پەدىگە،
ئېيىت ناخشاڭنى جاراڭلىتىپ، چىقسۇن ئەۋجىگە.

تەبەسسۇمىم بەرسۇن جىلۋە سۆيگەن ھۆسنىگە،
شادلىقىمنى گۈل قىلىپ چاچاي ئالەم كۆكسىگە.

# ياشارسۇن سۆيگۈدىن جانلار

ئەركىن نىزامى

ئېچىلغان گۈل - چېچەكلەردە،
گۈزەل سەرۋى سىياقىڭ بار.
سېنى ئەسلەپ ئۆتەر كۈنلەر،
يۈرەكتە ئوت - پىراقىڭ بار.

بۇزۇلماس پاك ئەقىدەم بار،
ۋىسالىڭ يۇلتۇزى ئۆچمەس.
مۇھەببەت ئىشقىدا بۇلبۇل،
بېغىڭدىن بىر ئۆمۈر كەچمەس.

دېڭىزنىڭ دولقۇنى گويا،
تومۇردا ئوخچىغان قانلار.
نىگار كۆرسەت جامالىڭنى،
ياشارسۇن سۆيگۈدىن جانلار.

# ئەقىدە

مېھمانجان روزى

ۋەتەن مەڭگۈ سېنى سۆيمەك،
ئۆمۈرلۈك چىن يۈرەك ئەھدىم.
ساڭا سادىق ئىجادكار مەن،
سېنى كۈيلەش مېنىڭ بەختىم.

يېتىلدىم، شاد نەپەس ئالدىم،
ئىپار ھىدلىق قۇچاقىڭدىن.
بىھساب كۈچ - ئەقىل تاپتىم،
ئىلىم - ھېكمەت بۇلاقىڭدىن.

ساڭا جاننى پىدا ئەيلەپ،
ياشاشقا چىن ئەقىدەم بار.
شەنىڭگە راۋابىمدىن
ئۈزۈلمەس كۈي - قەسىدەم بار.

# تىلسىز

ياسىن مۇخپۇل

خۇما كۆز نىگارىمنىڭ،
لەۋلىرى شېرىن - شېكەر.
نەقىش قىلىپ قەلبىگە،
خىيال بىلەن گۈل چېكەر.

سۆزلىمەيدۇ ئۇ گۈزەل،
خىيال سۈرەر ناز بىلەن.
ئويغۇتايمۇ يارىمنى،
قولۇمدىكى ساز بىلەن.

تىلسىزمىكىن دېمەڭلار،
ئۇ سۆزلەيدۇ كۆز بىلەن.
ئالەمچە مەزمۇن پۈتەر،
كۆزىدىكى سۆز بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




خاندەمىر

(«ناۋائى، زاماندashلىرى خاتىرىسىدە» دېگەن كىتابتا، خاندەمىرنىڭ «مەكارىمۇل - ئەخلاق» ناملىق ئەسىرىدىن كەلتۈرۈلگەن تارىخىي خاتىرە)

ئەقىل ئىگىلىرىگە مەلۇمكى، ستەمكار زامانە ئىنسانلارغا سالىدىغان جاپا سەرمايىسىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ باردى. پازىل كىشىلەرگە ئېنىقدۇركى، جاڭجال-كەش پەلەك ۋاپا ئەھلى-لىرىنى تىنچ ۋە خاتىرجەم قويمايدۇ.

بۇ سۆزلەرنىڭ شەرھى شۇلكى، ھىجرىيە 906 - يىل جامادىيەل - ئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى (مىلادى 1500 - يىلى 23- دېكابىر)دا ئادالەتلىك ساھىبقىران (ھۈسەيىن بايقارا)-نىڭ مۇبارەك بايرىقى ئاستراباد ① يۇرۇشىدىن سەلتەنەت تەختىنىڭ قارارگاھىغا يۈزلەندى.

بۇ شادلىق خەۋىرى ناھايىتى تېزلا ھىرات خەلقىغە يېتىپ كەلدى. ھىدايەت نەسەبلىك، كاتتا ئابرويلۇق خاقانىي دۆلىتىنىڭ تايانچى، سۇلتان ھەزرەتلىرىنىڭ دوستى ئالىي ھەزرەت ئەلشىر ناۋائى خاقانىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن جامادىيەل - ئاخىر ئېيىنىڭ يەتتىنچىسى، سەي-شەنبە (مىلادى 1500 - يىلى 29 - دېكابىر) كۈنى قەۋسىيە ② قىشلىقىغا بېرىپ پەرىيات رابى-تىنى ③ مۇبارەك يۈزىنىڭ نۇرى بىلەن جەننەتكە ئايلاندۇردى. كېچە ئاشۇ يەردە قونۇپ، چارشەنبە كۈنى (مىلادى 1500 - يىلى 30- دېكابىر) سەھەردە سەۋەبسىزلا، راباتنىڭ ئىشىك ۋە تاملىرىغا ئالىمكىملەر تەرىپىدىن يېزىلغان بېيىتلەرنى ئوقۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر تەرىپى-دىن ئىچىگە كىردى، تۇساتتىن ئۇل ھەزرەتنىڭ مۇبارەك كۆزى شۇ قۇرلارغا چۈشتى: مۇشۇ




دەقىقىدە ھۆكۈمالارمۇ ئاجىز قالدى، ئىنسان تەگرىنىڭ قازاسىغا قارشى نېمىمۇ قىلالايدۇ؛ تۇمۇرنىڭ سوقۇش رېتىمى ئۆزگەرگەندە ئەپلاتۇننىڭ پۈتىمۇ ئاجىزلىق لېيىغا پېتىپ قالىدۇ. مىجەزنىڭ ياخشىلىقى يامانلىشىشقا

* ماۋزۇ تەرجىمان تەرىپىدىن قويۇلدى.

① ئاستراباد — يەر ئىسمى. ② قەۋسىيە — يەر ئىسمى. ③ رابات — قونالغۇ، ساراي.

يۈز تۇتقاندا ئەبۇئەلى ئىبىن سىنانىڭ «قانۇن»ى بىھۇدە نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىشەنچ ۋە ئېچىنىش ئىزھار قىلىپ ئەيتتىلەركى، «توغرا، ھەممە ئادەم ئۇ دۇنياغا بارماق لازىم. ئۆلۈم ۋە ھايات ياراتقۇچىسىنىڭ ئىستىكىنى ھېچكىم قايتۇرالمايدۇ».

شۇ كۈنى ئۇ يەردىن پاياب① رابىتىغا باردى، پەيشەنبە كېچىسى (مىلادى 1500- يىلى 31 - دېكابىر) بۇ يەرگە لەشكەر گاھتىن مەۋلانە ۋايىس كېلىپ «ئەلا ھەزرەت بولغۇن كېچە ئەمىر شاھ مەلىك رابىتىغا تەشرىپ بۇيرۇدىلەر، بۇ يەردىن ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىدۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

«ۋىسال مەنزىلى يېقىنلاشسا، شەۋق ئوتى كۈچىيىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش، ماختاشقا لايىق ساھىبقىراننى كۆرۈش شەۋكىتى بىلەن شادلىقىنىڭ ئۈستىگە شادلىق قوشۇلغان ئول ئەمىر خۇشاللىق ياشلىرىدىنى كۆزلىرىدىن راۋان قىلىپ، بامدات نامىزىنى بۇرۇنراق ئادا قىلىپ (مىلادى 1501 - يىلى 1- يانۋار كۈنى) سەھەردىلا دەرھال ئاتقا مىنىپ، ئەمىر شاھ مەلىك رابىتىغا قاراپ يولغا چىقتى. يول ئۈستىدە ھامان مۇبارەك پېشانىسىدىن شادلىق ۋە خۇرسەنلىك نۇرلىرى پارلىدى. پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا ئۇچرىغان ھەر بىر مۇلازىمى ھال- ئەھۋال سوراش ۋە كۆڭۈل ئوۋلاش بىلەن ئۇنى خۇشال قىلاتتى. بىر پەرسەخ② كە يېقىن يول يۈرگەندىن كېيىن ساھىبقىراننىڭ دەبدەبىلىك ۋە كۆركەم مەيپىسى كۆرۈندى. دەل شۇ چاغدا خۇدانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئول زاتنىڭ مۇبارەك بېشى ئايلاندى. ئالىيجاناب ئەمىر خوجا شاھابىددىن ئابدۇللانى ھوزۇرىغا چاقىرىپ: «مېنى ئېھتىيات قىلىشتىن غاپىل بولماڭلار، ئەھۋالىم ئۆزگىرىپ قالدى» دېدى. ھەممە ئەلا ھەزرەتنىڭ قولىنى سۆيۈشكە، ئالدىغا بېرىش ئۈچۈن ئاتتىن چۈشتى. توساتتىن پەيدا بولغان كېسەللىكنىڭ كۈچىيىشى ئاخىرقى پەللىگە يەتكەنلىكى ۋە مېڭىشقا مادارى قالمىغانلىقىدىن، مەزكۇر ئەمىر (شاھابىددىن ئابدۇللا) ۋە مەۋلانە جالالىددىن قاسىم ئۇنىڭ قولتۇقلىرىغا كىرىپ، ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ بېشىنى بۈيۈك شەۋكەتلىك پادىشاھنىڭ قۇچىقىغا قويۇشقا ئاران ئۈلگۈردى. ئەلا ھەزرەت ئول بۈيۈكلۈك ۋە شان - شەۋكەتنىڭ ئاساسى بولغان ئەمىر (ناۋائى)نىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بارلىقىنى كۆرۈپ، غايەت قايغۇغا پاتتى، غەمكىن بولدى. بۇ يەر توختاش جايى بولمىغانلىقتىن، ھال-ئەھۋال سوراش ۋە ئىلتىپات مۇراسىملىرىدىن كېيىن، يولغا چۈشتىلەر. شۇ ئارىدا بۇ كېسەل پالەچكە ئايلىنىپ، ئالىي نەسەبلىك ئەمىر دەقايىتا ھەرىكەت قىلىش ۋە سۆزلىشىشكە ماجال قالمىدى. ئەمىرنىڭ خىزمىتىدە بولغان بارلىق ئۇلۇغلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن خىزمەتكار ۋە مۇلازىملار ئول ھەزرەتنى مەپىگە ياتقۇزۇپ، شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىلەر. يول ئۈستىدە مەۋلانە نىزامىددىن ئابدۇلھەي ۋە مەۋلانە شەمسىددىن مۇھەممەد گىلانىي دانالارنىڭ مۇۋاپىق تېپىشى بىلەن ئول زاتنىڭ تومۇرىدىن مۇشكۇل قىيىنچىلىق بىلەن قان ئالدىلەر. بىراق بۇنىڭمۇ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. «بولدى قىل، ئەي تېۋىپ! ئىشىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن.» نائىلاج قايغۇلۇق كۆڭۈل ۋە ياشلانغان كۆز بىلەن، ئول ھەزرەتنىڭ غەم- ئەندۇھ كارۋىنى بىلەن بىرلىكتە شەھەرگە ئاتلاندىلەر.

ئەي دىل، ئەتلۇر پەلەكنىڭ تەبىئىتىدە ئارام بولمىغاچ، ئۇنىڭدا ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن، كىشىدە قانداق ماجال بولسۇن.

①پاياب — يەر ئىسمى. ② پەرسەخ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

قىسقىسى، جۈمە كۈنى (مىلادى 1501- يىلى 1 - يانۋار) كېچىسى يېرىم كېچىدە، خەيرلىك بىنالار قۇرغۇچىسىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدىلەر. ئەتىسى سەھەردىلا شەھەر تېۋىپلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى ئول ھەزرەتنىڭ بېشىغا يىغدىلەر. بۇلار داۋالاشقا ھەر قانچە ھەرىكەت قىلىپ تۈرلۈك دورا - دەرمانلارنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ بىماردا تۈزۈلۈش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئەھۋالى سائەتمۇ - سائەت ئېغىرلىشىپ زەئىپلىكى كۈچىيىشكە باشلىدى «ئەجەل كەلگەندە، داۋالاشتىن نېمە پايدا؟».

ئەشۇ كۈنى سۇلتانى ساھىبقىران شەھەرگە يېتىپ كەلدىلەر ۋە ئول ھەزرەت ئەلىشىر ناۋائىيغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن باغى جاھانئاراغا بارماي، ئۇدۇل ھەشەمەتلىك ئەمىر ھوزۇرىغا تەشرىپ بۇيرۇدىلەر. ئول ھەزرەتنىڭ كېسەللىكىنىڭ بىنىھايەت ئېغىرلىقىنى سېزىپ، كۆپ ياش تۆكتىلەر ۋە قاتتىق قايغۇ- ھەسرەت بىلەن باغقا قايتتىلەر. ئەمما تېز - تېز ئادەم ئەۋەتىپ، ھال - ئەھۋال سوراش مۇراسىمىنى بىجا كەلتۈرۈپ تۇرار ۋە غەم، ئىزتىراپنىڭ دەھشىتى ئېغىرلىقىدىن، ئىستىراھەت تۆشۈكىدە بىر دەقىقەمۇ ئارام ئالالماس ئىدىلەر. شەنبە (مىلادى 1501 - يىلى 2- يانۋار) كۈنى ھەم ياخشى خىسلەتلىك ئەمىرنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەرمىدى، بەلكى زەئىپلىك بارغانسېرى كۈچىيىپ، كېسەللىك شىددىتى ئېغىرلىشىپ بارماقتا ئىدى. ئاقىۋەتتە، مەزكۇر ئاي (جامادىيەل ئاخىر)نىڭ ئون ئىككىنچىسى يەكشەنبە (مىلادى 1501 - يىلى 3- يانۋار) كۈنى سەھەردە ھەق چاقىرىقىنى «لەببەيك» دەپ قوبۇل قىلىپ باقىيلىق بارىنى روھ ئالغۇچىغا تاپشۇردىلەر ۋە ھايات گۈلشىنى بۇلبۇلىنى ئالىي چىمەنگە يولغا سالدىلەر.

تا، بۇ جاھان مەۋجۇت بولغاندىن باشلاپ شۇنداق بولغان ھەم شۇنداق بولىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ تەقدىرىنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق بولىدۇ.

مەشھەر كۈنىنىڭ غەۋغا، توپىلىڭى پۈتۈن جاھاننى چىرمىۋالدى، ئەمىر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ يىغا- زارىسى، چوڭ- كىچىكنىڭ پەرياتى - پىغانى ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. سۇلتانى ساھىبقىران ۋە پادىشاھ خانىدانىنىڭ بەزى ئەزالىرى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئول ھەزرەت (ناۋائىي)نىڭ خانىدانىغا يېتىپ كەلدىلەر ۋە ئىززەت تەختىدىن ماتەم پەئاسىغا چۈشۈپ نالە - زار ۋە يىغلاشقا باشلىدىلەر. پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە ئاساسەن يۇيۇش، كېپەنلەش قائىدىلىرىنى ئادا قىلدىلەر. زەپەرلىك ساھىبقىران، ھەشەمەتلىك ئەمىرلەر، ئىسلام ماشايىخلىرى، بۈيۈك سەيىدلەر، ئالىم ۋە پازىللار ۋە جىمى خەلق رەھمەت ئىگىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا چوڭ كوچىغا قاراپ ماڭدىلەر. بارلىق غەمكىنلەر ئاھىنىڭ ساداسى، يېگىمدىن دۆلەتكە ئېرىشكەن خەسىسلەرنىڭ كىبىر - ھاكاۋۇرلۇقىدەك ئاسمانغا يەتتى ۋە يۈرەك خۇنابلىرى بەختى قاچقان سېخىيلارنىڭ ياش گەۋھەرىدەك كۆز چاناقلىرىدىن توختاۋسىز تۇپراققا تۆكۈلەتتى.

شۇ چاغدا ھاۋا جەۋھىرى شاھ ۋە گادايلارغا قوشۇلۇپ، چەكسىز ياش قەترىلىرىنى ياغدۇردى، بەلكى روھ بۇلۇتىنىڭ رەيھاندەك خۇش پۇراق تامچىلىرى ئۇنىڭ ئەرشتەك مۇئەززەم تاۋۇتىنىڭ ھەممە تەرىپىگە قونۇپ تۇردى.

ئاسماننىڭ كۆزلىرىدىن شەپەق قانلىرى تامدى. ئاي يۈزلىرىنى تىرنىدى، زۆھرا

چاچلىرىنى يۇلدى. شۇ ماتەم ۋاقتىدا تىلىن قارا تون كىيدى. تاك بولسا، سوغۇق ئاه چېكىپ ياقىسىنى يىرتتى.

ھىرات ھېيتگاھىسىدا ناماز چۈشۈرۈلدى، كېيىن ئۆزلىرىنىڭ جامە مەسچىتتىكى يىغىندىكى، ئىلگىرى شۇ ھادىسە ئۈچۈن مەخسۇس ياساپ قويۇلغان گۈمبەز ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ دەپنە ئەتتىلەر. «ئەي تۇپراق، باغرىڭدا نېمە بارلىقىنى قانداق بىلمەسەن؟» شۇ كېچىسى بۇيۇك سەئىدلەر ۋە ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئاشۇ جەزبىلىك قەبرىنىڭ بېشىدا تۈنەپ قالدىلەر، قارىلار تاڭ ئاتقۇچە تىلاۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كىرىپەك قاقمىدىلەر.

ئەتىسى قۇياش جەمشىتى ماتەم تۇتقان كىشىلەردەك ئاسماننىڭ كۆك چاپىنىنى كىيدى، يۇلتۇزلار تولۇن ئادەمنىڭ كۆز يېشىدەك يەرگە تۆكۈلدى. ۋاپادار ساھىبقىرانىمۇ رەھمەتكە سازاۋەر ئەمىر ناۋائىي ئۈچۈن ماتەم بىلدۈردى. پايتەخت ھىراتنىڭ ئۇلۇغلىرىمۇ خىزمەتكە كېلىپ، تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمىنى بىجا كەلتۈردىلەر. شۇ كۈنى ھىرات شەھىرىنىڭ كۆپچىلىگەن مەسچىتلىرىدە خەلق ماتەم جاينامازىغا ئولتۇرۇپ ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك زاتنىڭ روھىنى شاد قىلىش ئۈچۈن خەتمە قۇرئان بىلەن مەشغۇل بولدىلەر.

ئۇنىڭ ۋاپاتى سەۋەبىدىن ھەر بىر ئۆينى ماتەم چۇلغىدى. تەرەپ - تەرەپتىن نالە قوزغالدى. بۇ پاجىئەلىك مۇسىبەتتىن، بۇ قايغۇلۇق ئۆلۈمدىن، ھەر قانداق باغرى تاش قەلبكىمۇ ئوت تۇتاشتى.

سۇلتانى ساھىبقىران ئۈچ كۈنگىچە ئۇل كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇچىلارنىڭ يول باشچىسىنىڭ ئۆيىدە تۇردى، سەدىقە ۋە نەزىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نۇر چاچقۇچى زاتنىڭ مازىرىنىڭ بېشىغا بىر سىپە زىيارەت شەرتلىرىنى بىجا كەلتۈردى. ئالىي نەسەب ئەمىرنىڭ ئۇلۇغ بۇرادىرى ئەمىر نىزامىددىن شەيخ بەھلۇل ۋە ئۇل جانابنىڭ بىقەۋالغان ئوغلى ئەمىر كامالىددىن سۇلتان ھۈسەيىنگە ۋە ئالىي ھەزرەتنىڭ باشقا يېقىنلىرى ۋە مۇلازىملىرىغا مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. ھەممە ئاشۇ كۈنى سۇلتانى ساھىبقىراننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئالىي قەدىرلىك ئەمىر مۇبارىزىددىن مۇھەممەد پاھلىۋان، ئەمىر خوجا ئەپزەلىددىن مۇھەممەت جانابلىرى ۋە ئالىي دەرگاھ (ئوردا) ئەمىرلىرىنىڭ سەردارى خوجا شاھابىددىن ئابدۇللا ھىرات شەھىرىنىڭ ماشايىخ، سەئىد، ئالىم ۋە پازىللىرىنى رەھمەت ئىگىسى (ناۋائىي)نىڭ ئۆيىگە چاقىرىپ، تولۇق - تۆكۈن تائام تارتتىلەر. بىراق سائادەتلىك ساھىبقىراننىڭ ئالىي ھىممىتى بۇنىڭ بىلەن قانائەتلەنمىدى. ئۇنىڭ روشەن خاتىرىسىدىن ناھايىتى كاتتا بىر يىغىن (يىقىلمىش) ئۆتكۈزۈش پىكرى كەچتى. ئۇلۇغ ئەمىرلەر مۇراسىم ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلىدىلەر. بۇ نەرسىلەر بىلەن بىرگە يەنە 250 قوي، 70 ئات ۋە ئۆكۈز سەرپ قىلدىلەر. مەزكۇر ئاينىڭ 23- كۈنى يەنى پەيشەنبە (مىلادى 1501- يىلى 14- يانۋار) كۈنى ئۇلۇغ ماشايىخلار، ئالىي دەرىجىلىك سەئىدلەر، ئالىملار، پازىللار، ئۇلۇغلار، ئايانۇ- ئەشرەپلەر① نى چوڭ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا تەكلىپ قىلدىلەر. سۇلتانى ساھىبقىرانمۇ شۇ يەرگە تەشرىپ بۇيرۇپ، يىغىلىشنى مۇنەۋۋەر قىلدىلەر. مول - مول تائاملار

① ئايانۇ- ئەشرەپ — يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ئەمەلدارلار.

تارتىلىپ،قۇرئان ئوقۇلغاندىن كېيىن، ئالىي مەرتىۋىلىك پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرى جەننەت باغچىسىدا ياتقان زات (ناۋائى)نىڭ قېرىنداشلىرى، يېقىن دوستلىرى ۋە خادىملىرىغا قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، ئۇلارنى ھازىدارلىق لىباسىدىن ئازاد قىلدىلەر (قارىلىقنى سۇندۇردى). كېيىن، ئۇلارنى ساھىبقىران ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرىپ، پادىشاھانە ئىلتىپاتلار ۋە شاھانە ئىنئايەتلەر بىلەن ئۈمىدۋار قىلدى. ئىززەت ۋە بۈيۈكلۈك تايانچى (ناۋائى)نىڭ ۋاپاتىدىن 40 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە بىر مەرىكە ئۆتكۈزۈشنى خىيال قىلدى. ئەمىر كامالىددىن سۇلتان ھۈسەيىن ۋە خوجا جالالىددىن مۇھەممەد بۇ ئىشنى باشقۇرۇشقا كىرىشىپ، 100 گە يېقىن قوي، ئىككى توققۇز (18) ئات سويدۇرۇپ، خىيالغا نېمە كەلگەن بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ زىيادىراق قىلىپ ئالىي ھەززەت (ناۋائى)نىڭ مۇبارەك مەنزىلگاھىدا تۈرلۈك - تۈمەن تائاملارنى ھازىرلىدىلەر. رەجەپ ئېيىنىڭ 29 - كۈنى، يەنى پەيشەنبە كۈنى (مىلادى 1501 - يىلى 19 - فېۋرال) ۋاپادار ساھىبقىراننىمۇ ئۇ جايغا تەشرىپ بۇيرۇدىلەر. ئۇلۇغلار ۋە بۈيۈك زاتلار يەنە جەم بولدىلەر. ئۇلۇغ ئەمىرلەر ئاش تارتىشقا كىرىشىپ، قېرىلار قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇشقا كىرىشتىلەر. شۇ چاغدا زامانىسىنىڭ خەدىچىسى مەھدى ئۇلىيانىڭ مۇلازىملىرى مۇسىبەت ئەھلىگە قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيگۈزدىلەر.

ئالىيجاناب مۇدەررىس پەسىھىددىن مۇھەممەد نىزامى قىرىق يىل جامىسىدا ئالىي ھەزرەت (ناۋائى)نىڭ سۆھبىتىدە بولغان، ئول ھەزرەت (ناۋائى) كۆپىنچە رەسمىي دەرس كىتابلىرىنى ئول جاناب ھوزۇرىدا مۇتالىئە قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئاخۇن دەپ ئاتار ئىدى. ئۇ ئۇشبۇ كاتتا ۋەقەنىڭ تارىخى توغرىسىدا: زامانىنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزى ئالەمدىن كەتكەچ «قۇتبى ئەقتاب بىرەپت» ① ئۇنىڭغا تارىخ بولدى، دېگەنىدى.

ئالىي مەرتىۋىلىك ئەمىر كامالىددىن سۇلتان ھۈسەيىن ئول ھەزرەتنىڭ پەرزەنتى ئورنىدا ئىدى. ئۇ: مەرسىيەت ئىگىسى يەر يۈزىدىن كەتكەچ، مۇقەددەس جەننەتتە ھال - ئەھۋال ياخشىلاندى. ئۇ (ناۋائى) ھايات چېغىدا خەيرلىك ئىشلىرى ئارقىلىق كامالەت تاپقانلىقىدىن، ۋاپات بولۇش تارىخى «خەيرۇن كامالۇھۇ»② بولدى، دەپ يازغانىدى.

پاساھەت ئىگىسى ۋە بالاغەت مەنبەئى بولمىش جاناب مەۋلانە پەسىھىددىن ساھىبدارا، مىجەزىنىڭ نازۇكلۇقى بىلەن ئول ھەزرەتنىڭ مۇلازىملىرى ئىچىدە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇستەسنالىق شەرىپىگە ئىگە ئىدى. ئۇ: ئەپسۇسكى ئاسماندەك (بۈيۈك) ئەمىرنىڭ ئۆمۈرنىھالى يىلتىزى بىلەن يىقىلدى. ئۇنىڭ ماتىمىدە كۆزلەر قان تۆككەنلىكى ئۈچۈن «خۇنرېزى دىيدە» ③ ئۇنىڭ ۋاپات بولۇش ۋاقتى بولدى، دەپ تارىخ يازدى.

قۇرداشلىرى ئارىسىدا ئول ھەزرەتكە ناھايىتى يېقىنلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تېۋىپلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەۋلانە دەرۋىش ئەلى ناۋائىنىڭ ۋاپات بولۇش تارىخىنى: ئۇ ھەققە يېتىشكەنلەرنىڭ پېشىۋاسىنىڭ ماتىمى بىلەن شاھتىن تارتىپ گادايغىچە بارلىق زامان ئوغۇللىرى ھەسرەت چەكتىلەر. ئول خەلق سەئىدى پەيغەمبەرنىڭ ھوزۇرىغا ھىجرەت قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋاپات بولۇش تارىخى «ھىجرەت بەرەسۇل» ④ بولدى، دەپ يازدى.

---

①«قۇتبى ئەقتاب بىرەپت» سۆزلىرى ئەبجەد ھېسابى بولۇپ، ھىجرىيە 906 (مىلادى1501)- يىلغا تەڭ.
②، ③، ④ بۇ سۆزلەر ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 906 (مىلادى 1501)- يىلغا تەڭ.

پازىللار پېشۋاسى مىرمۇنشى لەقەملىك سەئىد رەھمەتۇللا ئول ئاجايىپ ئىشلارنىڭ ئىگىسى ناۋائىنىڭ يېشىغا تەقلىد قىلىپ 62 دانە تارىخ يازغان.

مەخپىي قالمىسۇنكى، بەدەۋلەت ئالىي ھەزرەتنىڭ (ۋاپات بولۇش) تارىخى ۋە مەرسىيەسى ھەققىدە زامان شائىرلىرى ۋە پازىللىرى تەرىپىدىن ناھايىتى كۆپ قىتئە ۋە قەسىدىلەر يېزىلغان. ئەمما بۇ پەقىر، گەپنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلاردىن پەقەت يۇقىرىدىكىلەرنىلا كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايىلىنىپ، كىتابنى قىسقارتتىم.

---

تاشكەنت: «غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى» تەرىپىدىن 1986 - يىلى نەشر قىلىنغان «ناۋائى، زاماندashلىرى خاتىرىسىدە» ناملىق ئۆزبېكچە كىتابتىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **ئەزىز ئەلى ئەزىزى**

كىشىنىڭ سەھۋە - خاتالىقلىرىدىن - نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆتكۈزگەن ئۇششاق - چۈششەك ئەيىبلىرى ئەپۇ قىلىنىشى مۇمكىن تەكەببۇرلۇقتىن، مەنمەنلىكتىن ئۆتكۈزگەن خاتالىقى ئەپۇ قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئازازۇلنىڭ گۇناھىمۇ تەكەببۇرلۇقتىن بولغاچ ئەپۇ قىلىنمىغان.

* * *


كولۇپ تۇرۇپ يامان ئىش قىلغان ئادەم، يىغلاپ تۇرۇپ دەردىنى تارتىدۇ. يىغلاپ يۈرۈپ رەنجى مۇشەققەت بىلەن ھالال مېھنەت قىلغان ئادەم، شاد - خۇراملىق بىلەن كۈلۈپ راھىتىنى سۈرىدۇ.

* * *

يامان ئىش گەرچە كىچىك، ئاددىي بولسىمۇ ھەزەر ئەيلەش كېرەك. قەتردىن كۆل ھاسىل بولغاندەك. يامانلىق ئاز - ئازدىن يىغىلىپ، ئاخىرى كېلىپ ئۇنىڭدىن چوڭ بىر ھالاكەت پەيدا بولغۇسى. بىر تال سەرەڭگە تاغدەك خاماننى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ ئەمەسمۇ؟

* * *


ئەدەب - ئەخلاقلىق كىشىنىڭ كۆڭلى - كۆكسى كەڭرى، ئۆزى مۇلايىم كېلىدۇ. ھارامخورلۇق ۋە ناپاكلىقتىن ئۆزىنى تارتقان كىشىنىڭ پىكرى ساپ كېلىدۇ، نەسىھەت ئاڭلايدۇ، ئىنسانىي قائىدە - قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلمايدۇ، باشقىلارنى بىھۇدە رەنجىتمەيدۇ، قولۇمدىن كېلىدۇ دەپ كىشىنى بوزەك قىلمايدۇ.



---


ئەرەبچىدىن: **ياسىن داموللا ھاجى**

**مىسرى تەرجىمىسى**



مۇختار مۇھەممەت ئىمىن يازغان










هۆسنخه تله ر　　　ئىبراهىم مۇهەممەت يازغان




«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 新疆文化（维吾尔文）

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال) 1989 - يىل 1 - سان 38 - يىل نەشرى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. تېلېفون نومۇرى: 28055. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋىي سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. تاق ئايلارنىڭ 20 كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65 — 1073/1 ۋەكالەت نومۇرى: 22 — 58 تىزىملانغان نومۇرى: 414. باھاسى 50 پۇڭ.